
Xinjiang Cirization
6
1987
شىنجاڭ مەدەنىيىتى



ئۇزۇمچىلىك ئۇسسۇلى

ئابدۇللا ئابدۇرەھىم فوتوسى

# شىنجاڭ مەدەنىيىتى

قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال

36 - يىل نەشرى

1987- يىل 6- سان (ئومۇمىي 169- سان)


## بوستاندا

### ئەدەبىيات گۈلزارى


كەچكۈز غازاڭلىرى ........ (ھېكايىلەر) ........ توختى ئايۇپ 15
پىكىر دەپتىرىگە يېزىلغان خەت ........ (نەسر) ........ تۇرسۇنجان توختىنىياز 2
قۇتلۇق ........ (شېئىر) ........ سەيپىدىن ئەزىزى 10
تارىم مەرۋايىتلىرى ........ (« ») ........ ماموت زايىت 5
مۇقام قىزى ........ (باللادا) ........ ئابدۇكېرىم ئوسمان 11
ئىككى شېئىر ........ ئىمىن ئەخمىدى 22
تاغ قىزى ........ (شېئىر) ........ ئابدۇللا سۇلايمان 68


### مىللەتلەر


دۆلىتىمىزدىكى قازاق خەلقى ........ نىغمەت مىڭجانىي 59


### تارىختىن سۆز


جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا ........ (تارىخىي ئوبزور) ........ نىزامىدىن ھۈسەيىن 24


### كىلاسسىكلىرىمىز


شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا ... تۇرغۇن ئالماس 51


### تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى


دانىشمەنلەر ئەدەب - ئەخلاق توغرىسىدا ........ 49
كىتابقا مەدھىيە ........ 56


### مۇۋەپپەقىيەت ۋە ئامىل


ئېينىشتېيىن ۋە مۇزىكا ........ 80


### سەھنە ماتېرىياللىرى


ناخشا تېكىستلىرى ........ ساتتار توختى، سائادەت ئابلەت 57
ئىككى تېكىست ........ مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن 70


### سەنئەت خەۋەرلىرى


جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — «تەڭرىتاغدا كۈز» ناملىق تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ سەنئەت بايرى-
مى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى ........ زۇنۇن باقى 3


### ئۇيغۇر سەنئىتى چەت ئەللەردە


لوندون سەھنىسىدە ياڭرىغان مۇقام ........ ئەمەتجان ئەھمىدى 8
ئۇيغۇر سەنئىتى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ........ رەيھانگۈل ئابلىز 71


### چەت ئەل ئەدەبىياتىدىن


شورلانغان ھۆسن ........ (ھېكايە) ........ مىرمۇھسىن 76



مۇقاۋىدا: ئاتاقلىق ناخشىچى پاشا ئىشان، خاسىيەت فوتوسى. مۇقاۋىنىڭ 4- بېتىدە: رېپىتىس قىلمىش (ماي بوياق) نىساخان سىزغان. بۇ ساندىكى بەت بېشى، قىستۇرما رەسىم، تامغىلارنى ئابلىمىت ئابلىز، مۇختار ئابدۇراخمان، ئابدۇراۋۇپ ئابدۇللا ئىشلىگەن. مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: رىسالەت مۇھەممەت



# پىكىر دەپتىرىگە يېزىلغان خەت

(نەسىر)

تۇرسۇنجان توختىنىياز

ئىنىم، مەن بىر ياشانغان كىشى، لېكىن ھوزۇرىڭىزغا قەدەم تەشرىپ قىلغىنىمدا ئۆزۈمنى گويا باھار قۇشلىرىنىڭ يېقىملىق ناۋاسىغا، شاد ناخشىلارنىڭ ساداسىغا تولغان باغچىدىكى بەختىيار ئۆسمۈردەك خۇشال، بىلىم - مەرىپەتنىڭ بىباھا خەزىنىسىگە ئېرىشكەن تەلەيلىك ئوقۇغۇچىدەك غورۇرلۇق سېزىمەن...

ئىشىك بېشىدا، ئەجدادلىرىمىز ياراتقان سەنئەت جەۋھىرى — گۈزەل نەقىشلەر گۈلزارلىقىدا نۇر چېچىپ تۇرغان «مەدەنىيەت پونكىتى» دېگەن خەتلەر ماڭا تۆۋەندىكى ئۇقۇملاردىن بىشارەت بەرگەندەك قىلىدۇ: ئۇ — ئۆزلىرىنىڭ مەنىۋى سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە قاراپ يۈزلىنىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك جەمئىيىتىمىزگە خاس بولغان تۈرلۈك مەدەنىيەت پائالىيەتلىرىدىن بەھىر ئېلىپ، شۇ بىر كۆڭۈللۈك خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش، ئۆگىنىشلىرى جەريانىدا خوراتقان ئەقلىي ۋە جىسمانىي قۇۋۋەتلىرى ئورنىغا يېڭى مەنىۋى كۈچ تولۇقلايدىغان ئېنېرگىيە زاۋۇتى؛ ھەر كىم ئۆز ھەۋىسى ۋە ئىقتىدارى بويىچە كىتاب جاۋەنلىرى، كۆرگەزمە - تەشۋىقات تاختىلىرى، تام گېزىتى ۋە لېكسىيە مۇنبەرلىرى ئالدىدىن بىلىم دۇردانىلىرى قېزىپ، نادانلىق ئالەمىنى مەرىپەت گۈلتاجىسى بىلەن بېزەيدىغان دەرسخانا؛ ئاممىۋى مەدەنىيەتنىڭ جۇلالىق، رەڭدار، خۇشپۇراق لالە - رەيھانلىرى بىلەن كىشى قەلبىگە مەڭگۈلۈك باھار تۇيغۇسىنى بەخش ئېتىدىغان گۈلىستان؛ قىسقىسى، ئۇ — ياشانغانلارنىڭمۇ، گۆدەكلەرنىڭمۇ، ساۋاتسىزلارنىڭمۇ، زىيالىيلارنىڭمۇ، جىسمانىي جەھەتتە بىجىرىم ياكى مەجرۇھلارنىڭمۇ ئوخشاشلا ئۆزلىرىگە ياراملىق دوست ۋە دانىشمەن ئۇستاز تاپالايدىغان بىردىنبىر «ئىجتىمائىي داشۆ»سى.

مەن بىر ئاددىي مەدەنىيەت مەستانىسى. مەلۇمكى مەستانىلىق ئادەمنى چېكىدىن ئاشقان تەلەپچانلىققا گىرىپتار قىلىدۇ. شۇ ۋەجىدىن سىزگە سەمىمىي ئۈمىدىمنى تەرك ئەتمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىپ ئىككى كەلىمە سۆز قالدۇردۇم، قوبۇل قىلغايسىز:

ئىنىم، پۈتۈن ياشلىق كۈچىڭىز ۋە زېھنىڭىزنى بۇ مەدەنىيەت گۈلزارىغا سەرپ قىلىڭكى، ھوزۇرىڭىزغا جەم بولغان ھەرقانداق كىشى قۇملۇق چۆلدە يۈرۈپ چاڭقىغان يولۇچىنىڭ يېگانە توغراقنىڭ سايىسىگە يەتكەن، زەمزەم بۇلاققا ئۇلاشقان چېغىدىكىدەك دىل شادلىقىغا، ۋىسال جۇدالىقىدا سەرسان بولغان ئاشىقنىڭ ئېسىل شارابتىن ئىككى سەر سۈمۈرۈۋېلىپ «پەرھات - شېرىن» قىسسەسىنى ئاڭلاپ تەسەللىي تاپقان چېغىدىكىدەك كۆڭۈل لەززىتىگە، شىپاسىز قالغان بىمارنىڭ ئۇستا تېۋىپنىڭ ئىلتىپاتىغا مۇيەسسەر بولغان چېغىدىكىدەك ئۈمىدۋارلىققا ئېرىشىدىغان بولسۇن...

1987 - يىل فېۋرال، ئاقسۇ



# جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — «تەڭرىتاغدا كۈز» ناملىق تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى

زۇنۇن باقى

(ژۇرنىلىمىزنىڭ ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىختىيارىي مۇخبىرى)

دۆلىتىمىزدە بۇ يىلدىن باشلاپ ئىككى يىلدا بىر نۆۋەت ئۆتكۈزۈش قارار قىلىنغان «جۇڭگو سەنئەت بايرىمى» — يۈكسەك ئىدىيىۋىلىك ۋە بەدىئىيلىككە ئىگە سەنئەت ئىجادىيەتلىرى ۋە سەنئەتكارلارنىڭ ماھارەتلىرى كۆرەك قىلىنىدىغان، مەملىكەت بويىچە مۇنەۋۋەر سەنئەتچىلەر ئۆزئارا مۇسابىقىلىشىپ، ماھارەت كۆرسىتىپ، تەجرىبە ئالماشتۇرىدىغان سورۇن، شۇنداقلا خەلقئارالىق مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش شەكلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

سەنئەت بايرىمى — ناخشا - مۇزىكا، ئۇسسۇل، ئوپېرا، دراما، ئەلنەغمە، ياغاچ قونچاق، سېھىرك قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى، رەسىم ۋە ھۆسن خەت كۆرگەزمىسى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

1 - نۆۋەتلىك جۇڭگو سەنئەت بايرىمى بۇ يىل دۆلىتىمىزدە — بېيجىڭ قاتارلىق يەتتە شەھەردە ئارقا - ئارقىدىن ئۆتكۈزۈلدى. مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ ھاۋالىسى بويىچە ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزۈلگەن جۇڭگو سەنئەت بايرىمى — «تەڭرىتاغدا كۈز» ناملىق تۇنجى قېتىملىق شىنجاڭ سەنئەت بايرىمى 1987- يىل 8- ئاينىڭ 25 - كۈنى باشلىنىپ 9 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئاياغلاشتى.

ئون كۈن داۋام قىلغان بۇ سەنئەت بايرىمىغا، ئاپتونوم رايونغا بىۋاسىتە قاراشلىق ھەرقايسى سەنئەت ئۆمەكلىرى، ھەرقايسى ۋىلايەتلىك، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك سەنئەت ئۆمەكلىرى، ئىشلەپچىقىرىش - قۇرۇلۇش بىڭتۇەنى سەنئەت ئۆمىكى قاتارلىق 20 كەسپىي سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 850 تىن ئارتۇق سەنئەتچىسى قاتنىشىپ 13 مەيدان، شىنجاڭ ھەربىي رايونى، ئۈرۈمچى شەھىرى، قاراماي شەھىرى قاتارلىق ئورۇنلارنىڭ ئالتە ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمىكىنىڭ 350 تىن ئارتۇق سەنئەتچىسى قاتنىشىپ بەش مەيدان ئويۇن قويدى.

بۇلاردىن باشقا، دوكلات قىلىش يۈزىسىدىن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى ئۇسسۇللۇق تىياتىر «كۇسەن بەزمىسى»نى، ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنىنىڭ مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن شىنجاڭ ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمىكى بىرلىشىپ «چەبىيات» مۇقامىنى ئورۇندىدى.

بايرام مەزگىلىدە بىر قىسىم سەنئەت ئۆمەكلىرى ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ئاساسلىق زاۋۇت - كان، كارخانىلارغا بېرىپ ئويۇن قويدى.

بۇ سەنئەت بايرىمىدا يەنە، فۇجيەن - شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرىنىڭ ھۆسن خەت ۋە رەسىم كۆرگەزمىسى، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسى، «يىپەك يولى» خەلقئارا رەسىم كۆرگەزمىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر - باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئۆسمۈرلەر - باللار ھۆسن خەت - رەسىم مۇسابىقىسى، ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر - باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتى، ئۈرۈمچى شەھەرلىك مۇزىكانتلار جەمئىيىتى ۋە ئۇسسۇلچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئۈرۈمچى رايونىدىكى ئۆسمۈرلەر - باللار خور مۇسابىقىسى قاتارلىق پائالىيەتلەر ئۆتكۈزۈلۈپ، سەنئەت بايرىمىنىڭ مەزمۇنىنى تېخىمۇ بېيىتتى.

فۇجيەن - شىنجاڭ ئۆسمۈرلەر - باللار ھۆسن خەت - رەسىم كۆرگەزمىسىگە فۇجيەن - شىنجاڭدىكى ھەرمىللەت ئۆسمۈرلىرى - باللىرىنىڭ 360 پارچىدىن ئارتۇق ئەسىرى، شىنجاڭ رەسساملار ئاكادېمىيىسىنىڭ رەسىم كۆرگەزمىسىگە 280 پارچىدىن ئارتۇق ئەسەر قويۇلدى.

«يىپەك يولى» خەلقئارا رەسىم كۆرگەزمىسىگە جۇڭگو ۋە چەت ئەل رەسساملىرىنىڭ 1000 پارچە تاللانغان رەسىمى قويۇلدى، بۇنىڭ ئىچىدە، ياپونىيە، سىنگاپور، ئامېرىكا، فرانسىيە، گوللاندىيە، ئاۋستىرىيە، مالايسىيا، ئاۋستىرالىيە قاتارلىق سەككىز دۆلەت ۋە شياڭگاڭ رايونىدىن بولۇپ جەمئىي 48 نەپەر رەسسامنىڭ 62 پارچە ئەسىرى بار.

ئاپتونوم رايونلۇق ئۆسمۈرلەر - باللار مەدەنىيەت - سەنئەت كومىتېتىنىڭ ئۆسمۈرلەر - باللار ھۆسن خەت ۋە رەسىم مۇسابىقىسىگە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن 80 نەپەر بالا قاتنىشىپ، نەق مەيداندا ئۆز ماھارەتلىرىنى كۆرسەتتى.

بۇ سەنئەت بايرىمىغا مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ، دۆلەتلىك مىللىي ئىشلار كومىتېتىدىكى مەسئۇل يولداشلار ھەمدە تەكلىپكە بىنائەن: پايتەختتىكى ئەدەبىيات - سەنئەت ساھەسىدىكى ۋەكىللەر، ئىچكى موڭغۇل، گۇاڭشى، فۇجيەن، لياۋنىڭ، يەنبيەن قاتارلىق قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، ئاپتونوم ئوبلاستتىن كەلگەن ۋەكىللەر ۋە شياڭگاڭ ساياھەت ئۆمىكىمۇ قاتناشتى.

بۇ قېتىملىق سەنئەت بايرىمىغا يەنە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن، ئالاقىدار سەنئەت تەشكىلاتلىرىدىن ۋە ھەرقايسى ئاخبارات - تەشۋىقات تارماقلىرىدىن 200 گە يېقىن ئويۇن كۆرگۈچى ۋەكىل، باھالىغۇچى ۋە مۇخبىر قاتناشتى.

بۇ قېتىمقى سەنئەت بايرىمى ئۈچۈن مەدەنىيەت مىنىستىرلىكىنىڭ مىنىستىرى ۋاڭ مېڭ: «مىللىي سەنئەتنى روناق تاپقۇزۇپ، دەۋر روھىنى ئۇرغىتايلى» دەپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومىنىڭ شۇجىسى سۇڭ خەنلياڭ: «باھار چېچەكلىرى كۆزدە مېۋە بەردى» دەپ بېغىشلىما يېزىپ بەردى.




مامۇت زايىت

## مۇقەددىمە

سەپەردە ھاياجان، خىيال، تەسەۋۋۇر،
سەپەردە ھەمراھدۇر شائىرغا ئىلھام.
سەپەردە يېڭىلىق، ئۇچرىشىش، ھوزۇر،
سەپەردە تەپەككۇر مېۋىسى قىيام.

يېقىندا كەڭ تارىم بويىنى كەزدىم،
تەسىرات - تۇيغۇلار گۈزەل ئاجايىپ.
كىتابخان، سىز ئۈچۈن زەر يىپقا تىزدىم،
بۇ — تارىم سۆيىدىن سۆزگەن رەۋايەت...

## كۈسەن دىيارى

1

مەن سەپەر ئۈستىدە، سۈرئىتىم چاقماق،
ئاستىمدا دەۋرنىڭ پولات تۇلپارى.
مەن پەرھات، ئاچماقتا شېرىندەك قۇچاق،
قەدىمىي،شۆھرەتلىك كۈسەن دىيارى.

«ئىلگىرى مەن كۆرگەن يۇرت شۇمۇ؟» دەيمەن،
«يۇتقانغۇ باغلاقسىز ياۋايى كەلكۈن؟»
خارابە ئورنىدا كۆردۇمغۇ، ھەي... مەن،
زامانى شەھەرنى - باغچىدەك گۈلگۈن.

ئاسفالت يول كۆمۈش لېنتىدەك گويا،
ئۇنىڭدا تۇتاشقان ھەر كوچا، بازار.
شەھەر — نۇر، ئىنسان، گۈل تولغان بىر دۇنيا،
چاقنايدۇ كۆزلەردە، بەرگلەردە باھار.

ئۆتمەكتە رەستىدىن گۈلدار مەيدە،
كىيىك كۆز، غۇنچە بوي كۈسەن قىزلىرى.
ئىشتىياق قوزغايدۇ ھەر كىم قەلبىدە،
شەرقىنىڭ بۇ گۈزەل — ئۈز يۇلتۇزلىرى.

يېگىتلەر بەستىدە ئەكس ئېتەر شەمشات،
بوۋايلار ھۆسنىدە قىرانلىق، زىيا.
يول، ھويلا، مەيدانلار جۇشقۇنلۇق، ئاۋات،
پەلەكنىڭ شۇتىسى رەتمۇ-رەت بىنا.

مىسالى كۆرگەزمە بازار ھەم دۇكان،
خىلمۇ-خىل ئۈز، نەپىس سەنئەت - ھۈنەرگە.
قەلبىڭدە ئۇلغىيىپ ھۆرمەت - ھاياجان،
ئوقۇيسەن ئاپىرىن قولى گۆھەرگە.

بۇ يۇرتنىڭ مېۋىسى، كۆرپە، كۆپلىرى،
لاپ ئەمەس، كۆزۈڭنىڭ يەيدۇ يېغىنى.
لېۋىڭدە قالىدۇ بال ئۆرۈكلىرى،
ئەسلەيسەن مېۋىگە تولغان بېغىنى.

ئاجايىپ خۇشھاۋا، يېقىملىق بۇ جاي،
ئايلاندىم، دىلىمدا زوق ۋە ئىپتىخار.
مېزىلىك كاۋاب يەپ، ئىچىپ قېنىق چاي،
قەدىمىي دەۋرگە ھالقىتتىم تۇلپار...

2

ھەيۋەتلىك، شەۋكەتلىك شاھانە ئوردا،
(ئىرادىن بۇرۇنقى خەن چاۋ زامانى).
گىلەملەر، پەردىلەر چاقنايدۇ نۇردا،
ئولتۇرار تەختتە كۈسەن خاقانى.

چەت ئەللىك ئەلچىلەر تۇرار قول باغلاپ،
سودىگەر،سەييالار ئولتۇرار پەستە.
ياڭرايدۇ داپ، قالۇن، غوڭقا، نەي، بەرباب،
پەرىلەر ئۇسسۇلدا، بارچە ھەۋەستە.

تولغىنار ئەۋرىشىم بەل - قول، كۆمۈش تەن،
ئوينايدۇ كۆزلەردە ئاتەش جىلۋە - ناز.
ھوشىنى يوقىتىپ خىزىرەۋ جەزمەن،
قۇل بولار، پەرى قىز قىلسا بىر تەنناز.

ئەلچىلەر ئەقلى لال، تىلى بى زۇۋان،
كۆرمىگەچ ئۆمرىدە بۇنداق ماھارەت.
ئويلايدۇ: «خاس ئىكەن بۇ ئەلگە ھامان،
چېۋەرلىك، ئىختىرا، بايلىق، كامالەت».

ناخشىدا قۇلىقىم، ئۇسسۇلدا كۆزۈم،
ئۇچىمەن ھاياجان كۆكىدە خۇشال.
بىر ئۇلۇغ مىللەتنىڭ ئوغلىمەن ئۆزۈم،
چۆمدۈرەر غۇرۇرغا مېنى مۇشۇ ھال.

ئاھ ... كۇسەن مۇقامى، كۇسەن ئۇسسۇلى،
شەرققە سېنىڭدىن تارالغان سەنئەت.
ئاھ ... سۇجۇپ، مۇزىكا پىرى — بۇلبۇلى،
ئىجادىڭ چاكىنىدە قوزغىغان ھۆرمەت.

ئاھ كۇسەن — بۆشۈكى قەدىم ئىرپانىنىڭ،
سېنىڭدە يارالغان «مىڭ ئۆي» سىزمىسى.
زوقىنى قوزغىغان ۋەتەن، جاھانىنىڭ،
كۇماراجىۋانىڭ شېئىر - نەزمىسى.

ھېس قىلغان سېنىڭدە جەننەتتىن ئەنداز،
بېغىڭنى، مېۋەڭنى كۆرگەن چەت ئەللىك.
مىمارلىق، كۇلاللىق...
كۆرپە، تېرە، ساز،
بەخش ئەتكەن ھاياتى زوق ۋە گۈزەللىك.

قىلماقچى بولۇشتى سېنى مەھكۇم قۇل،
يېغىلىق، ئىستىلا، ئەما جاھالەت.
سەن بولۇپ جەڭگاھتا قان كەچكەن دۇلدۇل،
ئۆگەتتىڭ ئەۋلادقا مەردلىك، جاسارەت.

ئېھ، كۇسەن، بۈگۈنمۇ مەۋجۇد ئەنئەنەڭ،
ئەبەدىي گۈللىنىش قىسمەتتۇر ساڭا.
جاھانغا ياڭرىدى شۆھرەت، تەنتەنەڭ،
«كۇسەنىنىڭ بەزمىسى» شاھىدتۇر ئاڭا!...

# ئىرپان دەرياسى

مەن سەپەر ئۈستىدە، سۈرئىتىم چاقماق،
ئالدىمدا گۈزەللىك، مەردلىك دۇنياسى.
ئېھ، ئاچتى ئانامدەك مېھرىبان قۇچاق،
كەڭ تارىم — مەرىپەت — ئىرپان دەرياسى.

ئۇلۇغلۇق تالىشىپ «مەغرۇر ياشاي» دەپ،
دېڭىزنى تالىشا خېلى كۆپ دەريا؛

مەرد تارىم: «چۆللەردە گۈلشەن ياساي» دەپ،
تاللىدى قۇملۇقنى، قىلدى ئۇز، بەرنا.

شاھىد ئۇ، بوستانلىق، ئوردا - قەسىرلىك،
مۇقەددەم يۇرتلارنىڭ ئۆتمۈشلىرىگە.
گۇۋاھ ئۇ، مىللەتنىڭ ئۇزاق ئەسىرلىك،
بەختسىز، بەختلىك كەچمىشلىرىگە.

كەيكاۋۇس، ئىسكەندەر، كەيخىسراۋلارنى،
ئوت چېچىپ توسقان ئۇ، ئەجدىھا كەبى.
بۇ ئەلگە كۆز تىككەن ئاچكۆز ياۋلارنى،
ئايرىغان تىنىقتىن - جاندىن ئەبەدى...

ئاقتى ئۇ، تارىختەك بى تىنىم، ئۇزاق،
سۈلىرى گاھ سۈزۈك، گاھى لاي - لەشلىك.
ھېس - تۇيغۇ، ئارماندىن بولمىدى يىراق،
كۆڭۈلدە گاھ شادلىق، گاھىدا غەشلىك.

ئۇنىڭدا سۆيگۈنىڭ ۋىسال كۈندۈزى،
ئۇنىڭدا مەھبۇبلار سۆيۈش - قۇچۇشى.
ئۇنىڭدا قىسمەتنىڭ ھەر خىل يۇلتۇزى،
چاراقلاپ يېنىشى ياكى ئۆچۈشى.

ئۇنىڭدا مەشۇقلار قايغۇ - غۇسسىسى،
ئۇنىڭدا جۇدالىق، ھىجرانلىق قىسمەت،
ئۇنىڭدا تاھىر ۋە پەرھات قىسسىسى،
ئۇنىڭدا ئاشىقلار كۆرسەتكەن ھىممەت.

چەكتى ئۇ، ئانىدەك داغ - ھەسرەت، ئەلەم،
ۋە لېكىن ئىقبالدىن قىلمىدى گۇمان.
تۇتقۇزۇپ پەرزەنتلەر قولىغا قەلەم،
«كەشىپ - ئىجاد يارات» دەپ چۈشۈردى پەرمان.

بۇ ئەزىم دەريانىڭ ئاققان تۇپرىقى،
خەزىنە - كان بولدى بىلىم - سەنئەتكە.
ئۆچمەستىن چاقنىدى ئىرپان چىرىقى،
نائىل ئۇ تارىخىي ئالقىش - ھۆرمەتكە...

ئاقماقتا ئۆركىشى مەردلىك تۇغدۇرۇپ،
سۈپۈرۈپ لاتقىنى، ياڭرىتىپ شاۋقۇن.
كۆكسىگە مۇھەببەت - نەپرەت سىغدۇرۇپ،
يارىتىپ مۆجىزە، تارىتىپ يالقۇن!...

# مۆلجەر شەمشىرى

مەن سەپەر ئۈستىدە سۈرئىتىم چاقماق،
دۈلدۈلۈم تارىمدەك ئويناق، شاش، جۇشقۇن.
ئالدىمدا ئۈچتۇرپان، ئۇز توققۇز بۇلاق،
مۆلجەر تاغ شەمشىرى چاقنىتار ئۇچقۇن.

قىپقىزىل شايىدىن يېپىنىپ يوپۇق،
سۈبھىنى ئالقىشلاپ كۈلمەكتە بۇ يۇرت.
شەپەقتىن قان رەڭلىك تۇس ئالغان ئۇپۇق،
ئەسلىتەر تارىخنى، سېلىپ دىلغا ئوت.
ئويغۇنۇمۇ، چۈشۈمۇ ۋە ياكى خىيال:
... جەڭگاھتا رەھىمتۇل، ئاستىدا تۇلپار

كەينىدە يەتتە قىز (ئۈز، ساھىبجامال)
قىرماقتا دۈشمەننى، قولىدا زۇلپىقار.

... نەيزە ھەم پالتىلار چاقنار ئاپتاپتا،
ئويغانغان غەزەپنىڭ دېڭىزى بۇ جاي.
ياڭرايدۇ «قىر - چاپ» نىڭ ئۈنى ئەتراپتا،
رەقىبكە چاشقاننىڭ تۆشۈكى ساراي.

ياغماقتا سۈچىلىك، ئابدۇللاغا لەنەت...
ئاجرىدى كاللىسى مەلئۇن تېنىدىن.
جاكارلار ئەسمىتۇل: «قۇل بولماس مىللەت،
كەلسۇن ياۋ بۇ يەرگە، تويسا جېنىدىن.

زالىمغا سىرتماقتۇر زورلۇق زەنجىرى،
ئۆزگىنى خورلىغان قالمايدۇ ئامان.
رەقىبگە بىلەكلىك مۆلجەر شەمشىرى،
قوغدايمىز ئار - نومۇس، ئەركىنى ھامان!...»

شۇ چاكار ناخشىدەك سىڭدى قەلبكە،
شۇ چاكار تارالدى جەنۇب - شىمالغا.
شۇ چاكار كۈچ بېرىپ سانسىز خەلققە،
باشلىدى مەردلەرنى ... جەڭگە، ئىقبالغا.

جەڭگاھتا ئۈزۈلمەي ئاققان قىزىل قان،
قۇيۇلدى سايرامغا، تارىم دەرياغا.
قان-نومۇس، قان - ھۆرلۈك، قان-ئالقىش ۋە شان،
تەڭرىتاغ قولىنى ئاچتى دۇئاغا ...

شۇ قاندىن رەڭ ئالدى پەلەكنىڭ سەتھى،
شۇ قاندىن رەڭ ئالدى چوغلۇق، چېچەكلەر.
شۇ قاندىن رەڭ ئالدى زەپ گۈزەل سۇبھى،
بۈگۈنكى ئايەملىك، تويلۇق كۆڭلەكلەر...

## يۇلتۇزلار سۆھبىتى

مەن سەپەر ئۈستىدە، سۇرئىتىم چاقماق،
ئارقامدا قالماقتا نۇرغۇن يۇرت - شەھەر.
ئاستىمدا ئىرپاننى ئۆستۈرگەن تۇپراق،
قۇشلىرى ناخشىچى، تاشلىرى گۆھەر.

كېلىمەن، ئىزناسى كارۋان يۈيۈكىنىڭ
ئۇچرايدۇ ھەر سېپىل، قەلئە، راباتتا.
گۈللىگەن بۇ زېمىن باتۇر خەلقىنىڭ
پېشانە تەرىدە، كەشپۇ - ئىجادتا.

كېلىمەن، ئاڭلىغان - كۆرگەنلىرىم كۆپ،
ئېڭىمدا خىلمۇ-خىل ۋەقە ھەم ئوبراز.
چاقنايدۇ يۇلتۇزلار يەرگە نۇر تۆكۈپ،
تەسەۋۋۇر - خىيالىم قىلماقتا پەرۋاز.

كېلىمەن تارىمنىڭ بويىنى بويلاپ،
ھازىرچە بۇ يەرنىڭ سىرى مۇئەممما.
ھە، ئەنە، تۇرۇپتۇ شۇ ھەقتە ئويلاپ
سايرامى - تارىخچى شائىر ئۆلىما.

مۇئەررىخ يېنىدا جۇراس ھەم شاكىر،
نىمشېھىت، مۇتەللىپ ئۇلارغا ئۇلپەت.
«سىر» يەشمەك بولۇپ بۇ ئالىم ۋە شائىر،
قۇرۇپتۇ دەريانىڭ بويىدا سۆھبەت.

سۆزلەيدۇ سايرامى پاكىتلىق، ئۆتكۈر،
كەلتۇرۇپ تارىختىن مىسال - ئاساسنى.
دەيدۇ ئۇ: «بولۇپ ئەل ئىناق،مەرد، غەييۇر،
تىلسىمنى يېشىدۇ، قازسا مىراسنى!...»

«بەر ھەق گەپ بۇ!»دېدى فارابى، مەھمۇت،
كېلىشىپ تولپاردا، يۈكسەك ئاۋازدا.
ئۆلپەتلەر كۆزىدىن چاقناپ زىيا - ئوت،
بىلدۈردى زور ئىززەت ئىككى ئۇستازغا.

ئاشۇ چاغ... بۇلارنىڭ قېشىغا كەلدى،
چەت ئەللىك بىر ئالىم سالام - ھۆرمەتتە.
فارابى اقېشىدىن ئۇ، ئورۇن ئالدى،
قوشۇلدى بىمالال قىزغىن سۆھبەتكە.

دېدى ئۇ: «ھەقىقەت، يوق شۈبھە - گۇمان،
بۇ دىيار — پەن، سەنئەت، ئىجاد بۆشۈكى.
بولىدۇ تارىخنىڭ سىرلىرى ئايان،
ئېچىلسا تارىمنىڭ «تىلسىم» ئىشىكى...»

ھاياجان - ھېسلىرىم كۆتۈردى دولقۇن،
ئىپتىخار ئىلكىدە تارىمغا باقتىم.
ئانا يۇرت سۆيگۈسى دىلىمدا يالقۇن،
ئىستىقبال كۆكىدە شاد قانات قاقتىم...

## خاتىمە

مەن سەپەر ئۈستىدە، سۇرئىتىم چاقماق،
يۈز ئاچار بوستانلىق ۋادىلار، باغلار.
ئۇچرايدۇ گاھ بارخان، يۇلغۇن ۋە توغراق،
گاھ «خوش!» دەپ ئۇزىتار قارىغايلىق تاغلار.

كۆڭۈللۈك سەپىرىم قىلماقتا داۋام،
مەنزىرە خىلمۇ-خىل كۆركەم، ئاجايىپ.
تارىمنىڭ تەكتىگە چۆمۈلۈپ ئىلھام،
سۈز مەكتەغەۋۋاستەك ئۈنچە - مەرۋايىت!...

1986 - يىل دېكابىر، خوتەن

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




ئەمەتجان ئەھمىدى

بىز قەدىمكى پاسوندىكى مىللىي كىيىملىرىمىزنى كىيىپ، ساتار، تەمبۇر، غىجەك، داپ قاتارلىق چالغۇ ئەسۋابلىرىمىزنى كۆتۈرۈپ سەھنىگە چىققىنىمىزدا، زالدىكى تاماشىبىنلار ئۇزۇنغا سوزۇلغان ئالقىش ياڭرىتىپ، بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بۇ، بۇ يىل 7-ئاينىڭ 10-كۈنى ئەنگلىيىنىڭ پايتەختى لوندوندا ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمىغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۆمىكىمىزنىڭ ئايال پادىشاھ ئېلىزابېت مۇزىكا زالىدا ئەنگلىيىنىڭ نوپۇزلۇق ئەربابلىرى، ئاتاقلىق مۇزىكاشۇناسلىرى، ھەر قايسى ئەللەرنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ۋە بۇ بايرامغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن 14 دۆلەتنىڭ ۋەكىللەر ئۆمەكلىرى بىلەن تۇنجى قېتىم يۈزكۆرۈشۈشى ئىدى.

بىز «چەبىيات» مۇقامىنىڭ مۇقەددىمىسىنى باشلىشىمىز بىلەنلا، شاۋقۇنلۇق، ھەيۋەتلىك زال ئۈن-تىنسىز جىملىققا چۆمدى. بىز مۇقامنىڭ چوڭ نەغمىسى، داستانى، مەشرەپىنى ھەر خىل شەكىللەر بىلەن تولۇق ئورۇنداپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن زالدىكىلەر ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ چاۋاك چېلىشىپ، ۋارقىراپ، ئىسقىرتىپ، زالنى تىترىتىۋەتتى. بىز سەھنە باشقۇرغۇچىنىڭ تەكلىپى بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ قېتىم سەھنىگە چىقىپ، تاماشىبىنلارغا سالام قىلدۇق، لېكىن تاماشىبىنلار تېخىمۇ قىزغىن چاۋاك چېلىپ تۇرۇۋالدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا



ئەنگلىيە BBC رادىئو شىركىتىنىڭ مەسئۇلى، داڭلىق مۇزىكاشۇناس روئوبىسىن ئەپەندىنىڭ قايتا تەكلىپ قىلىشى بىلەن تۆتىنچى قېتىم سەھنىگە چىقىپ، «ناۋا» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىلىرىدىن پارچىلارنى ئورۇنداپ بېرىپ، خېلى تەسلىكتە سەھنىدىن چۈشتۇق. لېكىن تاماشىبىنلار يەنە ئۇزاققىچە چاۋاك چېلىپ، ئالقىش ياڭرىتىپ تۇرۇۋالدى. ئاخىرى روئوبىسىن ئەپەندى بىزنى سەھنىگە قايتا باشلاپ چىقىپ، بىزگە گۈل تەقدىم قىلىپ ھۆرمەت بىلدۈردى ھەم ئويۇننىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى قايتا-قايتا جاكارلىدى. تاماشىبىنلار شۇندىن كېيىن بېسىقىپ، زالدىن

ئايرىلىشقا باشلىدى. ئارقا سەھنىدە، ئېلىمىزنىڭ ئەنگلىيىدە تۇرۇشلۇق باش ئەلچىسى ۋە ئەلچىخانىنىڭ باشقا مەسئۇللىرى، پادىشاھ جەمەتى- ئوردا ئويۇن قويۇش مەھكىمىسىنىڭ مەسئۇلى مەرۋەي خانىمنى باشلاپ كىرىپ، بىز بىلەن يۈز كۆرۈشتۇردى. مەرۋەي خانىم بىزگە: «سىلەرنىڭ بۈگۈنكى ئويۇنىڭلار ئەنگلىيە تاماشىبىنلىرىنىڭ ئەڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئوقۇغان ناخشاڭلار، چالغان سازىڭلار، كىيگەن كىيىمىڭلار، ئورۇنداش سەۋىيەڭلەر بەكمۇ گۈزەل - ئېسىل ئىكەن، ئويۇنىڭلار بەكمۇ ياخشى ئىكەن، مەن سىلەرنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، كېيىنكى قېتىمقى ئويۇنىڭلارنىڭ تېخىمۇ ياخشى بولۇشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرىمەن» دېدى ۋە بىز بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى. باش ئەلچىمىز مەرۋەي خانىمنى ئۇزىتىپ بولۇپ، خۇشاللىق بىلەن مۇنداق دېدى: «سىلەر بۈگۈن لوندون سەھنىسىدە ئۇلۇغ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي مۇزىكا مەدەنىيىتىنى دۇنياغا نامايەن قىلدىڭلار. سىلەر ئېلىمىزگە، خەلقىمىزگە شان - شەرەپ كەلتۈردۈڭلار. بۈگۈنكى ئويۇن بەكمۇ ياخشى بولدى. زالدىكى تاماشىبىنلارنىڭ بۈگۈن سىلەردىن پەقەت ئايرىلغۇسى كەلمىدى. بىز تولىمۇ ھاياجانلاندۇق. مەن ئەلچىخانىمىز نامىدىن سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن». ئۇ ئاخىرىدا بىز بىلەن خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

شۇ كۈنى ھاياجانلانغانلىقىمىزدىن خېلى ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدۇق. ئەتىسى ئەتىگەنلىك تاماقتا تۈركىيە، ھىندىستان، پاكىستان، ئافغانىستان، بىرما، مالايسىيا قاتارلىق ئەللەرنىڭ مۇزىكا ۋەكىللىرى ئۆمىكىدىكىلەر قولىمىزنى چىڭ سىقىپ تۇرۇپ: «ئاخشامقى ئويۇنىڭلار بەكمۇ ياخشى ئوينالدى، سىلەرنى تەبرىكلەيمىز. سىلەر ناخشا ئېيتالايدىكەنسىلەر، ساز چالالايدىكەنسىلەر، ھەم ئۇسسۇل ئوينالايدىكەنسىلەر، نوتىغا قارىمايدىكەنسىلەر، بۇنداق ئالاھىدىلىك بىزدە يوق، سىلەر ھەقىقەتەن زېرەك كىشىلەر ئىكەنسىلەر» دېيىشتى.

* * *

ئەنگلىيە BBC رادىئو شىركىتىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئويۇن قويۇش شىركىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تەستىقى بىلەن بۇ يىل 7- ئايدا لوندوندا ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئەنئەنىۋى مۇزىكا بايرىمىغا قاتنىشىش ئۈچۈن، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق سەنئەت تەتقىقات ئورنى مۇقام تەتقىقات ئىشخانىسىدىكى ئەمەتجان ئەھمىدى (مۇئەللىپ)، ھۇسەنجان جامى، قاۋۇل تۇردى، رىسالەت ھاپىز، تۇرنىسا سالاھىدىن، يۇسۇپجان روزى، غاپپار ئەھمەت، دولقۇن سەپەر قاتارلىق سەككىز كىشىدىن تەشكىللەنگەن مۇزىكا ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز بۇ يىل 7- ئاينىڭ 8- كۈنى لوندونغا كەلگەنىدى.

7- ئاينىڭ 13- كۈنى كەچتە، 2- مەيدان ئويۇنىمىزنى قويدۇق. بۇ كۈنى پۈتكۈل زال ئىلگىرىكىدىنمۇ بەكرەك قىزغىن كەيپىياتقا چۆمدى. بىز «چەبىيات» مۇقامىنى ئاخىرلاشتۇرغاندىن كېيىن، تاماشىبىنلارنىڭ قايتا - قايتا تەلىپىگە بىنائەن، «ناۋا» مۇقامىنىڭ چوڭ نەغمىلىرىدىن پارچىلارنى ئورۇنداپ بەردۇق. ئويۇن ئاخىرلاشقاندا رۇئوبىسىن ئەپەندى تولىمۇ ھاياجانلانغان ھالدا: «بۈگۈنكى ئويۇنىڭلار ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى بولدى، تاماشىبىنلار، جۈملىدىن مەنمۇ سىلەردىن بەك رازى بولدۇم. سىلەرگە رەھمەت ئېيتىمەن، سىلەرنىڭ ئەنگلىيىگە يەنە كېلىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن» دېدى. BBC رادىئو شىركىتىنىڭ مەسلىھەتچىسى، بىزنىڭ يېقىن دوستىمىز ئاندىرسىن ئەپەندى (بۇ كىشى شىنجاڭغا كۆپ قېتىم كېلىپ، مۇقاملىرىمىزنى ئاڭلاپ، بىز بىلەن يېقىن دوستلۇق ئورناتقان) دوستانە تەلەپپۇزدا: «بۈگۈن ئۇيغۇر مۇقامىنىڭ ھەقىقىي كامالەتكە يەتكەن ئىجراسىنى ئاڭلىدىم، سىلەر مېنىڭ ئىناۋىتىمنى ئۆستۈردۈڭلار، ئامان بولساق، مۇشۇ يەردە سىلەر بىلەن يەنە كۆرۈشىمىز، سىلەرگە رەھمەت!» دېدى.

بىز لوندونغا بارغاندىن كېيىن، ئەنگلىيە گېزىت - ژۇرناللىرى، رادىئو - تېلېۋىزىيىلىرى

بىزنىڭ پائالىيەتلىرىمىزنى خەۋەر قىلىپ تۇردى، B B C رادىئو شىركىتى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرى بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى نەق مەيداندىن ئۇلاپ ئاڭلاتتى ۋە كۆرسەتتى، گېزىت-ژۇرناللاردا ئويۇنىمىز ھەققىدىكى باھا، ئىلمىي ماقالىلەر ئېلان قىلىنىپ تۇردى.

ئەنگلىيە B B C رادىئو شىركىتى «چەبىيات» مۇقامىنىڭ مەزمۇنىنى ئىنگلىزچە تەرجىمە قىلىپ رەسىملىك ژۇرنال قىلىپ تارقاتقاچقا، ھەر مەيدان ئويۇندا تاماشىبىنلار ئويۇنىمىزنى تولۇق چۈشىنەلىدى ۋە ئۇنىڭدىن قانائەتلىنەرلىك ئىستېتىك لەززەت ئالالىدى. ئۇلار «12 مۇقام»نى «دۇنيا مۇزىكا خەزىنىسىدىكى گۆھەر ئىكەن» دېيىشتى.

ئەنگلىيىدىكى پائالىيەت جەريانىدا، ئاندىرسىن ئەپەندى لوندوننىڭ شەھەر ئەتراپىدىكى داچىسىدا بىزنى ئالاھىدە مېھمان قىلىپ كۈتۈۋالدى. بۇ زىياپەتكە قاتناشقان تۈركىيە ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ باشلىقى، 67 ياشلىق پېشقەدەم ناخشىچى مۇھەممەت ئەلى ئەپەندى مەن بىلەن سۆھبەتلىشىپ مۇنداق دېدى: «سىلەرنىڭ ئاخشامقى (7- ئاينىڭ 13- كۈنىدىكى) مۇقامىڭلار جاھاننى ھەيران قالدۇردى. مەن چەت ئەللەرگە كۆپ چىققان، كۆپلىگەن ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە قاتناشقان. لېكىن سىلەرگە ئوخشاش بۇنداق زور ئالقىشقا ناھايىتى ئاز مۇيەسسەر بولغان. سىلەر ھەممىڭلار دېگۈدەك ناھايىتى ئىقتىدارلىق، تالانتلىق ئەزىمەتلەر ئىكەنسىلەر».

بىز 7- ئاينىڭ 16- كۈنى سەپىرىمىزنى غەلىبىلىك تاماملاپ، پايتەختىمىز بېيجىڭغا كەلدۇق. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەيىۋەنجاڭى سەيپىدىن ئەزىزى، دۆلەت مىللىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ مۇدىرى ئىسمائىل ئەمەتلەر بىزنى ئايىرودرم - ئايىرودم قوبۇل قىلىپ تەبرىكلىدى ۋە مۇقام تەتقىقاتىنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇنى دۇنياغا تولۇق تونۇشتۇرۇش خىزمىتىنى يەنىمۇ ياخشى، پۇختا، تېز ئىشلىشىمىز ھەققىدە مۇھىم يوليورۇق بەردى. يولداش سەيپىدىن ئەزىزى غەلىبىلىك سەپىرىمىزنى تەبرىكلەپ يازغان «قۇتلۇق» ناملىق شېئىرىنى بىزگە تەقدىم قىلدى.

## قۇتلۇق

(لوندونغا بېرىپ ئويۇن قويۇپ قايتقان ئۇيغۇر مۇقامچىلار شەرىپىگە يېزىلدى)

**سەيپىدىن ئەزىزى**

لوندوننىڭ سەھنىسىدە جاراڭلىدى، ئاھ!
ئۇيغۇرنىڭ مۇقامى، داڭلىق ناۋاسى.
شېكىسپىر يۇرتىدا، ساما ئۇستىدە
پەيزى بىلەن ياڭرىدى ئۇنىڭ ساداسى.

بارىكاللا، مۇقامچى دوستلىرىم، سىزگە،
قانات قېقىپ. پەرۋاز بىلەن ئۆرلەڭ توختىماي.
نەغمىڭىز، ناخشىڭىز، جامالىڭىزدىن
ھۆرلەر تاڭ قالسۇن، خىجىل بولسۇن ئاي.

يېڭى دەۋر خەزىنىسىگە قوشۇڭ تۆھپىلەر،
مۇقاملار داستانىدا يېڭى بەت ئېچىڭ.
ئامانىسا، قېدىرخان، تۇردى قەبرىگە
قىزىل گۈلدەستىدىن چېچەكلەر چېچىڭ.

خەلقىڭىزنىڭ شۆھرىتى، غورۇرى قۇتلۇق،
مەدھىيىلە، يالقۇنلۇق شېئىر ياز شائىر.
مۇقاملار پەيزىگە قىلىپ ساز تەڭكەش،
ناخشا ئېيت، جەۋلان قىل قىز-يىگىت، ماھىر!

1987 - يىل ئىيۇل، بېيجىڭ




(باللادا)

ئابدۇكېرىم ئوسمان (ئوقۇغۇچى)

1

مەشرىقتىن ئۆرلىدى ئوت شارى،
لاپىلداپ ھەل بېرىپ ئۇپۇققا.
ۋادىلار كۆكسىدە ئالتۇن نۇر،
ئورالغان ئوتقاشتەك يوپۇققا.

نۇر چايقاپ، بۇژغۇنلاپ زەرەپشان،
ئاقماقتا ھەيۋەتلىك شارقىراپ.
ساھىلدا يەلپۈنەر چوغلۇقلار،
بەرگىدە زەر شەبنەم پارقىراپ.

قولىدا نەقىشلىك ساتارى،
قىز كېلەر ساھىلغا تەلپۈنۈپ.
قىرىقتال ئۆرۈلگەن چاچلىرى،
ئوينايدۇ شامالدا يەلپۈنۈپ.

ئاھ، سەبى چېھرىدىن ئايلىناي،
كۆچكەنمۇ يە ئاڭا تولۇنئاي؟
بەرگەنمۇ مەسۇمە پەردىگە،
چېچەكلەر دۇنياسى گۈلچىراي؟

قىز كېلىپ ئولتۇردى ساھىلدا،
ئالدى-دەقولىغا كامانچە.
قىياقتەك كىرپىكلەر جۈپلەشتى،
شوخ ئاھۇ كۆزلەرنى ياپقانچە.

تارىدى شۇ مەھەل تارلاردىن،
دىل سۆيگەن مۇقاملار ناۋاسى.
قوشۇلۇپ ئۇ ھەيۋەت شاۋقۇنغا،
مەۋج ئۇردى زەرەپشان دەرياسى.

ئاھ، ئەجەب ماھىر بۇ بۇسازەندە،
يۈرىكى مۆككەنمۇ ھەر تارغا؟
ۋۇجۇدى، گۈل بەدەن قامەتى،
ئايلىنىپ كەتكەنمۇ ساتارغا؟!

كۈيلىرى بىباھا مۆجىزات
نامايەن ئەۋ-مدە بىر تا' نت.
سازەندە ھېسلىرى تەپتىگە،
لال بۇدەم ھەتتاكى كۈن، ھەيھات!

مۇقامى سېھرىدىن ئېرىتىپ،
گېگانت تاش تاغنى خاك ئېتەر.
مۇقامى زەمزەمكى خىسلەتلىك،
ھاياتقا جان بېرىپ كۆكلىتەر.

ئاھ مۇقام سەن تارىخ شاھىدى،
سەن ئۆلمەس ئېدىرىكى ئەجدادىنىڭ.
سەن سەنئەت كۆكىدە چاقنىغان،
ئىپتىخار يۇلتۇزى ئەۋلادىنىڭ!

سەن كەلدىڭ شۇ قەدىم كۈسەندىن،
يەكەندىن، ئىدىقۇت - تۇرپاندىن.
سەن كەلدىڭ ھالقىپ كۆپ ئەسىرنى،
قەشقەردىن، خوتەندىن ... ھەرياندىن.

سەن سىڭگەن بىھېساب تاڭلارغا،
ئەسىرلەر تىنىقى بۆشۈكۈڭ.
ياشايسەن تۇپراقتەك ھەم نۇردەك،
باردىللارقەسىردە كۆشۈكۈڭ.

*　*　*

ئويغاندىم ئىزگۈھىس ـ خىيالدىن،
كەل، گۈل چاچ نەزمەمگە جانانىم،
گۈلۈڭدىن ھىد ئېلىپ پۈتۈلسۇن،
ئەشۇ قىز ھەققىدە بايانىم.

2

ئىپار قىز،
تونۇشلۇق ئىسمىم بۇ،
يۇرت ئارا ھەممىگە پۇركەتكەن.
ئىپار قىز،
پەخىرلىك ئىسمىم بۇ،
كۆيخۇمار دىللارنى شاد ئەتكەن.

ئۇ ئۆستى بۇ خىلۋەت سەھرادا،
گۈللەرنىڭ ھۆسنىگە بېرىپ جان.
ئۇ ئۆستى بۆلۈنۈپ دولقۇنغا،
مۇقامنى ئۆگەتتى زەرەپشان.

ئۇ ئۆستى كۆي ئىڭشاپ دەريادىن،
ئۇ ئۆستى كۆي ئىڭشاپ سەھرادىن.
ئۇ ئۆستى ناخشىلار سۈمۈرۈپ،
ھەر ياپراق، ھەر چېچەك، گىيادىن.

ئۇ شۇنداق ئۆگەندى مۇقامنى،
قەلبىدە ئىشتىياق تاشقىنى.
زېرەك قىز كۈنۈ ـ تۈن بىقارا،
تەرك ئەتتى مۇقامدىن باشقىنى.

ئۇ كۆردى ئايدىڭدا زەرەپشان —
نۇر ئارا تەبەسسۇم قىلغىنىنى.
ئۇ سەزدى شاۋقۇنلار ئەۋجىدىن،
يۈكسەككە ئۈندىگەن چۇقانىنى.

ئىپتىخار سېزىدۇ ئانىسى،
مۇقامغا ئىشقىۋاز قىزىدىن.
ئۇ ئۈندى غۇنچە بوپ خۇشپۇراق،
ساتارچى ئانىسى ئىزىدىن.

ئۆتكەنتى ئانىسى بۇ يۇرتتا،
ئاتىلىپ مۇقامنىڭ پىرى دەپ.
ياغاتتى شەنىگە تەشەككۈر،
گەر مۇقام ھەققىدە بولسا گەپ.

ئاتىنىڭ كەچمىشى ھەققىدە،
بىلگەنلەر سۆزلەيتتى ھېكايەت.
ئاڭلايتتى يۇرتداشلار بولۇپ جەم،
ئاڭلايتتى زېرىكمەي تالاي رەت.

ئاتىنىڭ كەچمىشى تۇمانلىق،
ئۇ تارتقان يەتكىچە مۇشەققەت.
مۇقام دەپ ياشىغان بىر ئۆمۈر،
مۇقامغا قويۇپ چىن مۇھەببەت.

ئۇ بارغان ۋەيرانە كەپىگە،
ئۇ كەزگەن توغراقلىق چۆللەردە.
بىر ئۆمۈر توپلىغان ئەلنەغمە،
پۈكۈلگەن قەددى شۇ سەپەردە.

ساتارى سېھرىدىن ياندۇرغان،
كېلەچەك نۇرىنى دىللاردا.
ساقلىغان مۇقامنى توزدۇرماي،
جاھالەت باسقان شۇ يىللاردا.

ئىزى بار توغراقلىق چۆللەردە،
چوغلۇقلار بەرگىدە ساپ تەرى.
قەلبىنىڭ رېڭى بار سۇ بىمدە،
ئۇ ئىدى يۇرتىنىڭ گۆھىرى.

تاڭ ئاتتى ...
ئويغاندى گۈل باھار،
دالىلار غۇنچىدىن تون كەيدى.
ياشاردى تەبىئەت ... ھەي لېكىن،
مۇقامچى شۇ ئاتا مۈكچەيدى.

ئاخىرى ئېپ كەتتى شۇم ئەجەل،
شەپەقنى يالمىغان كەبى تۈن.
تۇتقۇزدى يەش ياشلىق ئىپارغا،
ساتارنى ئاتىسى ئەشۇ كۈن.

قىزىغا جېنىدىن ئەتىۋار،
ئاتىنىڭ تەۋەررۈك ساتارى.
ياراشقان ساتارغا گۈل بولۇپ،
ئىپارنىڭ ئارزۇلۇق تۇمارى.

ھەر سۈبھى چىقىدۇ ساھىلغا،
ساتارى ئايرىلماس ھەمراسى.
كۆي كۈيلەپ ھوزۇرغا چۆمىدۇ،
مۇقامنىڭ بۇ گۆدەك شەيداسى.

چالساگەر ساتارنى سىرغىتىپ،
تاشلارنى-سۇ قىلار ئېرىتىپ.
شوخ سابا ئەپكەتسە ناخشىسىن،
شاۋقۇنلار جور بولار كۆي قېتىپ.

بۈگۈنمۇ ئىپارقىز ساتارنى،
ئالەمچە زوق بىلەن چالماقتا.
دەريانى، گۈل - گىيا ... بارچىنى،
كۆي سېھرى ئىلكىگە ئالماقتا.

قىزچاقنىڭ خىيالى ئەشۇ دەم،
كۆي بىلەن تارايدۇ ھەر ياققا.
بىر چاغلار يۈرەرمىش ئاسماندا،
سەپەرگە يول ئالمىش يىراققا ...

3

ئىپارقىز سەيلىتەر گۈلباغنى،
نە باغكى، ئۇ شۇ تاپ جەننەتتە.
ھەررەڭ گۈل ھۆپپىدە ئېچىلغان،
قالدۇرۇپ كىشىنى ھەيرەتتە.

شىلدىرلاپ شوخ ئاققان زۇمرەت سۇ،
تاللاردىن ئىشقىنى سورايدۇ.
ئويناقى شاماللار ئىپارنىڭ
بوستاندەك چېچىنى تارايدۇ.

يالتىراپ چاقناتسا كۆزلەرنى،
ئوتقاشتەك گۈللەرنىڭ جۇلاسى؛
كۆمەدۇ دىللارنى شادلىققا،
مىڭ - تۈمەن بۇلبۇللار ناۋاسى.

ساتارنى سايراتتى قىز شۇدەم،
قەلبىدە ھاياجان يانغىنى.
قىز مەگزى ئايلاندى ھال رەڭگە،
ئەسلىتىپ قىپقىزىل ئالمىنى.

جىمىدى مۇقامنىڭ ئەۋجىدىن،
ئىشقىۋاز بۇلبۇللار ناۋاسى.
جەننەت-گۈل مەنۋانى بىر ئالدى،
ساتارنىڭ سېھرىلىك ساداسى.

«ئاپىرىن!»
جاراڭلىق بىر سادا،
ئاڭلاندى ئىپارغا ئەشۇ دەم.
بۇ سادا ۋەزنىگە مۇجەسسەم،
سۆيۈنۈش،
ئاتەشلىك مېھىر ھەم.

توختاتتى ئىپار قىز ساتارنى،
قاردى گۈلزارغا تەلمۈرۈپ.
بىر پەرى تۇراتتى گۈلنارا،
خۇش ھىدقا،
نۇرلارغا كۆمۈلۈپ.

«ئەسسالام!»
تۇرۇپ قىز ئورنىدىن،
ھۆرمەتتەكۆكسىگە قول ئالدى.
پەرىنىڭقۇياشتەك پاك چېھرى،
ئىپارنىڭ دىلىغا ئوت سالدى.

«ئاپىرىن ساڭا ئەي يۇلتۇزۇم!»
لېۋىدىن گۈل ئۈچتى پەرىنىڭ.
ئەشۇ تاپ دۈپۈلدەپ تېنىمسىز —
سوقماقتا يۈرىكى سەبىنىڭ.

«ئاپىرىن ئۆستۈرگەن ئاتاڭغا،
ۋايىغا يەتكۈزگەن ئەھدىنى.
مەن كۆردۈم سېنىڭدىن، نەسىللەر —
سەنئەتتە شان قۇچقان ئەتىنى!»

شەپەقتەك رەڭ ئېلىپ قىز بېتى،
خىجىللىق ئىلكىدە بولدى لال.
سوئاللار ئىلكىدە قىز ھەيران:
قانداقچە رۇي بەردى ئەجەب ھال؟

كىم ئىكىن ئاي سۈپەت ئول پەرى؟
ئىپارغا بۇ بىر سىر،
مۇئەممىا.
بولسىمۇ بىلمىشكە ئىنتىزار،
ئەيمىنەر سوراشقا ئۇ، ئەمما.

4

پەرىنىڭ قولىدا كامانچە،
رېتىملىق سىرغىيدۇ ھەر تاردا.
نۇر تامار چېھرىدىن، زەرقۇياش—
كۆلگەندەك زەپ گۈزەل تاھاردا.

ئەۋجىدىن - ئەۋجلەر تۇغۇلۇپ،
يۈرەكنى سىماپتەك ئېرىتەر.
تۇتىلار ھەيرانە، مەستانە،
ئاھ ئۇرۇپ،ھوشىنى يوق ئېتەر.

شاراپتەك مۇقاملار پەيزىدىن،
مەسخۇشلۇق ھۆكۈمران كەڭ باغقا.
تىتىرەيدۇ قىزنىڭ گۈل قامىتى،
ئوخشىغان ئۇ ئاجىز ياپراققا.

ۋە لېكىن تونۇشلۇق بۇ مۇقام،
ئاڭلىغان بىر چاغلار دادىدىن.
تاپالماي ئاۋارە نامىنى،
قاچقاندۇ قانداقچە يادىدىن.

يوردى بىر دىنىلا «ۋاللىدە»،
ئىپارنىڭ قەلبىدە نۇر – ئاپتاپ.
بۇ «ئىشرەت ئەنگىز» غۇ! دەۋەتتى،
ھاياجان ئىچىدە ۋارقىراپ.

يېشىلدى سوئاللار تۈگۈنى:
ئۇ جاھان سەنئىتى ماھىرى!
ئۇ ئامانىساخان، ئۇيغۇرنىڭ –
شەۋكەتلىك مۇقامچى، شائىرى!

ئۇ شەرق ھەيكەلى ئۇپرىماس،
نۇر مۆككەن، كۆن مۆككەن ۋەسلىگە.
ئۇ ئالماس، مەڭگۈلۈك رەڭ بەرگەن،
شۇ ئۆتكەن ئەسىرلەر پەسلىگە ...

توز رەڭدار قاناتىنى يايغاندەك،
كەڭ ئاچتى باغرىنى ئىپار قىز.
ئۇ ھازىر قۇچاقلار پەرىنى،
مېھرىدىن قەلبىگە سىلىپ ئىز ...

5

«بۇ نەھال؟
ئاھ قېنى ئامانىا؟!»
تۇۋلىدى ئىپارقىز ھەيراندا.
تۇراتتى ساھىلدا ئۇ يەنە،
ئۆرتەندى يۈرىكى ھىجراندا.

چۈشىمۇ، ئوڭىمۇ بىلمەس ھېچ،
قارايدۇ دەرياغا خىيالچان.
شاۋقۇنلار نەرىسى مىسالى،
قەلبىدە قايىنىغان ھاياجان.

شارقىراپ ئاقماقتا زەرەپشان،
دولقۇنلار مىنگىشەر قاتمۇ-قات.
سۆيگۈگە لىق تولغان قىز قەلبى،
دەريادىن كۆرمەكتە بىر ھايات.

ئۇ كۆرەر ئامانىا ھۆسنىنى،
نۇر سۆيگەن زەرەپشان مەۋجىدە.
قۇدرەتلىك ياڭرايدۇ خىتابى،
پەسەيمەس دولقۇنلار ئەۋجىدە:

«ئاپىرىن ئۆستۈرگەن ئاتاڭغا،
ۋىسالغا يەتكۈزگىن ئەھدىنى.
مەن كۆردۈم سېنىڭدىن ئەۋلادلار –
سەنئەتتە شان قۇچقان ئەتىنى».

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



ئابدۇكېرىم ئوسمان 18 ياش. يەكەندە زىيالىي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 15 يېشىدىن باشلاپ شېئىر ئىجادىيىتى بىلەن شۇغۇللانغان. ئۇ ھازىر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى جۇڭگو ئەدەبىياتى فاكۇلتېتىدا ئوقۇيدۇ.

مۇھەررىردىن




(ھېكايىلەر)

**توختى ئايۇپ**

## مۇقەددىمە ئورنىدا

ئۇ ئەمدى سارغايغان، قۇرۇغان، ئۆزىنىڭ ياز مەۋسۇمىدىكى ياپيېشىل جىلۋىدار ھۆسنىدىن ئەبەدى جۇدا بولۇپ، ھاياتلىق نۇرى ئۆچكەن چىرايدەك، سۇسسېرىق غازاڭغا ئايلانغانىدى.

يېشىل ياپراق! ئاھ، ئۇ قانداق چىرايلىق؟! ئۇنىڭغا بەخت ۋە ئارزۇسىغا يەتكەن ئارمانسىز ھاياتنىڭ ئوتلۇق نەپەسلىرى سىڭگەن، پاكلىق ۋە بىغۇبار سۆيگۈنىڭ ئۆلمەس داستانلىرى پۈتۈلگەنلىكى ئۈچۈنلا شۇنداق تۇيۇلىدىغاندۇ كىشىگە؟

مەن جەنۇبتا-كۆڭۈلسىز كەچكۈز شامىلى ئۇشقىتىپ تۇرغان چەت سەھرادا، ئۆيۈمنىڭ ئالدىدىكى قېرى تېرەك شېخىدىن سارغايغان ئاداققى ياپراقلارنىڭ قانداق ئۈزۈلۈپ، يەرگە قانداق پىرقىراپ چۈشۈشلىرىگە جىمجىت نەزەر سالغاچ، سۈكۈت ۋە خىيالغا چۆمدۈم. ئەمدى بۇ ياپراقلارنىڭ بۇرۇنقى ياپيېشىل چاغلىرىدىكىدەك راھەتبەخش جازىبىسىمۇ، كۆڭۈل ۋادىگە ئاللىقانداق شېرىن ھېسلاردىن سايە سالىدىغان نازۇك پىچىرلاشلىرىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ بەرگىدىن تۆكۈلۈشكە قىميايۋاتقان ئاجىز چىرىسلاشلىرىدىن ۋە شاختىن - شاخقا قوپال سوقۇلۇشلىرىدىكى شىرىقلاشلىرىدىن ئۆلۈۋاتقان ۋۇجۇدىدىكى ئاخىرقى نىدا، ئىلتىجا ۋە ھەسرەت ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇشتۇمتۇت بىر تال غازاڭ شامال زەربىسىدىن قاياقتىندۇر ئۇچۇپ كېلىپ، كۆكسۈمگە ئۇرۇلدى - دە، قانىتى سۇنغان نىمجان كېپىنەكتەك كۆكسۈمدە دىرىلدەپ تولغىنىپ قالدى. مەن ئۇنىڭ قۇرۇغان ساغۇچ ساپىقىدىن ئاۋايلاپ تۇتۇپ، گويا ئىككى يۈزىدىن ئىنسان قەلبىدىن ئۇرغۇپ چىققان ئوتلۇق نەپەسلەرنىڭ ئىزناسىنى ئىزدىمەكچى ۋە ئىنسان سۆيگۈسىدىن پۈتۈلگەن شېرىن قىسسەلەرنى ئوقۇماقچى بولغاندەك، ئۆرۈپ - چۆرۈپ، سىنچىلاپ قارىدىم. ساپاق بويلاپ ھەر تەرەپكە شاخ ئارتقان ئىنچىكە تومۇرلار ھېلىھەم كۆپكۆك، ئۇنىڭدا قۇدرەتلىك بىر ھاياتىي كۈچ ھېلىمۇ مەۋج ئۇرۇپ ئېقىۋاتقاندەك قىلاتتى. شۇغىنىسى ياپراق يۈزىدىن مەن ئىزلىگەن ئىزنا ۋە قىسسەلەرنى كۆرەلمىدىم. نىھايەت، ئۇنىڭ ئورنىدا غازاڭ سېرىقى ۋە چۆرىسىدە قانغا ئوخشاش قېتىپ قالغان چېكىم - چېكىم داغلار قارىيىپ كۆرۈنەتتى. مەن ئەلەملىك ئۇھ تارتىپ، ئاستا پىچىرلىدىم.

— ئاھ، ئىسىت، يېشىللىق قانداق ياخشى ئىدى - ھە؟ ئۇنىڭغا ئىنسان ئارزۇ قىلغان ۋە ياراتقان ھەممە گۈزەللىك ۋە پاكلىق مۇجەسسەملەنگەن ئەمەسمىدى؟!

كۆتۈلمىگەندە قولۇمدىكى غازاڭ گويا قۇرت يەۋاتقاندەك چىرىسلاپ، سۆزلىگەندەك قىلدى:

— راست ئېيتتىڭ، مەرھەمەتلىك ئادەم، يېشىللىق شۇنداق ياخشى ئىدى. لېكىن بۇگۈنكى ئادەملەر يېشىللىقتىن زېرىكتى ئەمەسمۇ؟

— ئۇلار بىلەن نېمە ئىشىڭ؟ — ئەلەملىك خىتاب قىلدىم مەن، — سەن ياپيېشىل تۇرۇشۇڭ، ئۇزاقراق ياشىشىڭ كېرەك ئىدى.

— ئاھ، مەندە نېمە ئىلاج، ئۇلار مېنى ھاياتلىق نۇرۇمدىن ئايرىپ قويۇشقان.

— نۇر دەمسىنا، قايسى نۇر ئۇ؟

— ئىنسان سۆيگۈسىدىن تۇغۇلغان نۇر بولامدۇ، مەرھەمەتلىك ئادەم، ئاخىرقى نىدالىرىمنى ئاڭلاپ قال، ئىنسان سۆيگۈسى — تەڭرىنىڭ ھىممەت شەپقىتى دېمەكتۇر. دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇداتنىڭ ھاياتلىق يىلتىزى ئاشۇنىڭغا تۇتاشقان. ئىنسان قەلبى كىرلەشسە، سۆيگۈسى ئاجىزلىشىدۇ. سۆيگۈسىز دۇنيادىكى جىمى مەۋجۇدات ۋە ئىنساننىڭ ئۆزىنىڭمۇ ياشاش يولى بولمايدۇ. سۆيگۈ نەقەدەر ئۇلۇغ ۋە مۇقەددەس ئىدى - ھە؟ ئاھ، دەرىخ! بۇ سۆيگۈ نۇرىنى كىملەردۇر ياراتقان پاسىقلىق، نادانلىق ۋە بەدنىيەتلىك تۇمانلىرى يۇتۇپ كەتتى. تۇمان دەستىدىن نەپەسلىرىم بوغۇلدى، تومۇرۇمدا ھاياتلىق قېنى توختىدى، قۇرۇدۇم، سارغايدىم.

— سەن نېمىشقا ئۆلۈمىڭ ئالدىدا سېرىق رەڭنى تاللىۋالدىڭ؟ سەن پاك ۋە بىغۇبار ئىدىڭ، ھاياتىڭ بىلەن خوشلاشقاندا ھېچ بولمىسا، ئاق قەغەزگە ئايلىنىشىڭ كېرەك ئىدى.

— سۆزۈڭ ھەق، ئاقىل ئىنسان، دۇنيانىڭ يېشىللىقىدىن زېرىككەن ئادەملەر ئاق قەغەزنىڭ قەدرىگە قانچىلىك يېتەر دېدىم.

— ئەمىسە نېمىنى ئويلىدىڭ؟

— ئىنسان ئايىغى ئاستىدا چەيلىنىپ، خارلىنىپ قېلىشتىن قورقتۇم، شۇڭا ئاقنى ئەمەس، سېرىق رەڭنى تاللىۋالدىم.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ؟

— ھازىرقى ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئەلا بىلىدىغىنى سېرىق رەڭ — ئالتۇن بولۇپ قالدى ئەمەسمۇ؟

«ئالتۇن ...، — ھەسرەت ۋە مۇڭ بىلەن ئاستا تەكرارلىدىم ئىچىمدە،—راست، ئىنسانلار ھازىر ئالتۇن، نەپسانىيەتچىلىك ئۈچۈن، ئۆزى بۇرۇن ياراتقان ھەممىنى، ھەتتا ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇشتى، ئۇلار مۇشۇ سېرىق رەڭ ئۈچۈن ئاخىرى دۇنيانى ۋە بىر-بىرىنى نېمىمۇ قىلىۋېتەر؟»

## مەن يۇرتۇمدا قارشى ئېلىنمىدىم



قەلبىمنى شۇ تاپتا بۇرۇن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان چەكسىز شادىيانىلىق ۋە ئىپتىخارلىق ھېسسى قۇچقان. يۇرتۇمغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم سېغىنىش ۋە ئىنتىزارلىق بىلەن قاناتلىنىپ، بالىلىق ۋە ياشلىق چاغلىرىمنىڭ ئەبەدى ئۇنتۇلماس، بىغۇبار ئىزنالىرى قالغان شورلۇق داللار، قۇم بارخانلىرى تۈۋدىكى پاكارغىنە كېسەك ئۆي ۋە ياۋا جىگدىلىكلەر ئارىسىغا ئۇچۇپ كەتكەنىدى.

مەن ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن پەنلەر ئاكادېمىيىسىدە يىگىرمە نەچچە يىل تۇپراقشۇناسلىق ۋە تەبىئەت ئېكولوگىيىسى

تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان. بۇنىڭدا ئېرىشكەن نەتىجىلىرىم ۋە ياراتقان تۆھپىلىرىم بەدىلىگە ئىچكىرى ئۆلكىلەردە ۋە چەت ئەللەردە ئېچىلغان كۆپ قېتىملىق ئىلمىي مۇھاكىمىلەرگە قاتناشقانىدىم. مېنىڭ ئۇ يەرلەردە ئېلان قىلغان تەتقىقات ماقالىلىرىم ئالىملارنىڭ يۈكسەك باھاسىغا ۋە دىققەت-ئېتىبارىغا ئېرىشكەن. ئەمەلىي ئىشلەتمىشكە تېگىشلىك كەشپىيات تۈرلىرى قاتارىغا كىرگۈزۈلگەنىدى.

مانا بۇلار ئۆزۈمنى بىر ئۆمۈر بەختلىك ھېس قىلىشىمغا ۋە ئاخىرقى ئۆمرۈمنى ئاۋات، گۈزەل شەھەرلەردە شاد، خاتىرجەم ئۆتكۈزۈشۈمگە تامامەن يېتەتتى.

شۇغىنىسى، كېيىنكى ۋاقىتلاردا، نېمىشقىدۇر يىراق تەكلىماكان باغرىدىكى يۇرتۇمنى ھەممىشە سېغىنىپ، ئەسلەيدىغان بولۇپ قالدىم. چاچ-ساقاللىرىم ئاقارغان، مۇسكۇللىرىم قاتقان بولسىمۇ، كۈچ قۇۋۋىتىم، زېھنىم جايىدا ئىدى. مەن ئۆزۈمدىكى مۇشۇ ئاخىرقى دەسمايىنى ئۆز يۇرتۇمغا سەرپ قىلىشقا، ھېلىمۇ قۇم، بوران، قۇرغاقچىلىق تەھدىتى ئاستىدا تۇرۇۋاتقان يۇرتۇمنى مۇشۇ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن ئۆز يۇرتۇمغا ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشكە بەل باغلىدىم.

خىياللىرىم گويا ياش يىگىتنىڭ تۇنجى مۇھەببەت ھېسسىدەك تولىمۇ شېرىن ئىدى. يول ئاز قالدى! يۇرتۇمغا بۈگۈن كەچتىلا يېتىپ بارىمەن. يۇرتۇمنى ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش توغرىسىدىكى ئىلمىي تەسەۋۋۇرۇم ئۇستىدە ناھىيىدىكى ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ۋە ئامما بىلەن مەسلىھەتلىشىمەن. بىز ئەنە شۇ تەقلىدتە تولىمۇ ئۇلۇغ، ئەمما مۇشەققەتلىك ئەمەلىي ئىشقا كىرىشىمىز...

مېنى ناھىيىدە ھازىر ناھىيىنىڭ يېزا ئىگىلىك خىزمىتىگە مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان، مېنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپتىكى ساۋاقدىشىم بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالدى.

تونۇش دېگەن ھامان تونۇش - تە! ئەمدى كېيىنكى ئىشلىرىمنىڭ خۇددى تاغ كەلكۈنى پەيتىدىكى قىيان سۇدەك راۋان يۈرۈشۈپ كېتىدىغانلىقىغا گۇمان قىلمىدىم. ساۋاقدىشىم مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مۇددىئايىمنى ئۈن - تىنسىز ئولتۇرۇپ ئاڭلىغاندىن كېيىن قوللىرىمنى خېلىغىچە قويۇۋەتمەي، كۆزلىرىمگە خۇددى بۇرۇنقى بالىلىق چاغلىرىدىكىدەك مېھىر ۋە قىزىقىش بىلەن تىكىلدى. لېكىن كۈتۈلمىگەندە بايىقى سۆزلىرىم گويا ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىگەندەك باشقا ياقتىن ئېغىز ئېچىپ سالدى:

— ھەي، شۇنداق قىلىپ تەڭلا قېرىپ كېتىپتۇقمۇ ئەمدى؟ ھېچ ئىشەنگۈم كەلمەيدۇ جۇمۇ، چاچ - ساقاللىرىڭىزنىڭ مۇنچىۋالا ئاقىرىپ كەتكىنىنى نېمىسى؟ جاپانى كۆپ تارتىپسىزدە، ھە، ئۆستىڭىزمۇ؟

ئۇنىڭ، مېنىڭ نېمە ئەمەل - مەنسىپىمنىڭ بار ئىكەنلىكىمنى سوراۋاتقانلىقى ئېنىق ئىدى.

— تەتقىقاتچىمەن، — دېدىم مەن قىسقىچىلا قىلىپ.

— تەتقىقاتچى؟ — ساۋاقدىشىمنىڭ قوشۇمىسى ھەيرانلىق ۋە تېڭىرقاش بىلەن تۈرۈلۈپ كەتتى، — ئۇنىڭ دەرىجىسى نازىر بىلەن تەڭ بولامدۇ؟

— ياق.

— ياق دەڭ ... ئاپلا، ئەمىسە ھاكىم دەرىجىلىك ئىكەنسىز - دە.

— نەدىكىنى؟

— چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟ — ساۋاقدىشىمنىڭ چىرايىدا بايىقى مېھىرلىك كۈلۈمسىرەشتىن ئەسەرمۇ قالمىغانىدى. ئۇ ماڭا شۇئان بىر خىل كۆرەڭلىك ۋە مەنسىتمەسلىك

نەزەرى بىلەن قىسىلغان كۆزلىرىدە تىكىلدى، — ھەي ئىسىت، تېخىچە رايون دەرىجىلىك مەندەك.

— ئۇمۇ ئەمەس.

ساۋاقدىشىم ماڭا چاي قويۇش ئۈچۈن قولىغا ئالغان تۇتقۇچلۇق ئىستاكاننى «پاقىندە» يەنە جوزىغا قويدى. ئۇ شۇ تاپتا ماڭا كۆرسەتكەن بايىقى ھەممەتلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— تەتقىقاتچى... ھېچ چۈشۈنەلمىدىم بۇرادەر، كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، بۇ ھەقتە يۇقىرىدىن ھۆججەت بار. سىزگە قايسى تەرىزدە مۇئامىلە قىلىش ئۈچۈن ئەلۋەتتە دەرىجىڭىزنى بىلىشىمىز كېرەك ئىدى - دە.

— تەتقىقاتچى — بۇ ئىلمىي ئۇنۋان، — دېدىم مەن ئاخىرى تاقەتسىزلىنىپ، — مەن ئىلىم - پەن بىلەن شۇغۇللانغۇچى، مۇنداق كىشىلەرنىڭ دەرىجىسىنى قانداق قىلىپ ئەمەل - مەنسەپ دەرىجىسى بىلەن تەڭلەشتۈرۈش مۇمكىن؟ بۇ زامانىمىزدا ناھايىتى ئاددىي بىر ساۋات. سىز بۇنى قاچانمۇ بىلەرسىز قەدىردان دوستۇم؟

## چويۇن قۇلۇپ



— بازارغا قاچان ماڭىسەن داۋلەك؟

— ئات بوغۇزىنى ئەمدى يەپ بولدى، ھازىرلا ماڭىمەن دادا.

— مەن دېگەننى ئۇنتۇيدىغان بولساڭ، ئۇشۇقۇڭنى چاقىمەن جۇمۇ كارۇك!

— قۇلۇپ سېتىۋالىمەنغۇ.

— ھەببەللى، ئۇنتۇماپسەن، ئالىدىغىنىڭ قوشمۇشتۇمىڭدىن كىچىك بولمىسۇن، قارا چويۇن قۇلۇپ بولسۇن.

— ۋاي، نەگىمۇ سالارسىز شۇنداق يوغان قۇلۇپنى؟

— خۇرجۇنغا سالامدىمەن كارۇك!

— ئەقلىڭىزدىن ئۆرگىلەي، لاتا خۇرجۇنغا چويۇن قۇلۇپ سالغان جېنىم دادا!

## يازغۇچى



بىز پىكاپتا ئۈچ سائەتتىن ئارتۇقراق يول مېڭىپ، يېزىلىق ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا چۈشكە يېقىن يېتىپ كەلدۇق. يېزا باشلىقى بىزنىڭ خەۋىرىمىزنى خېلى يىراقتىن ئاڭلاپ كەلگەن بولسا كېرەك، تەر قۇيۇلۇۋاتقان يۈز-پاتاڭلىرىنى كىر دوپپىسى بىلەن سۈرتكەچ، ناھىيىدىن قانداق يولىورۇق ئېلىپ كەلگەنلىكىمىزنى بىلىش تەقەززاسىدا كۆزلىرىنى گاھ ھاكىمدىن، گاھ مەندىن ئۈزمەيتتى.

— سىزگە ئالدى بىلەن تونۇشتۇرۇپ ئۆتەي، — دېدى ھاكىم يېزا باشلىقىغا مېنى كۆرسىتىپ، — بۇ كىشى ناھىيىمىزگە ئەسەر يېزىش ئۈچۈن كەلگەن يازغۇچى، شۇڭا بىر مەزگىل مۇشۇ يېزىدا تۇرمۇش ئۆگىنىش ئۈچۈن تۇرماقچى. ياتاق، تاماق مەسىلىسىنى ئۆزىڭىز بىۋاسىتە قول تىقىپ ئورۇنلاشتۇرىسىز، قىسقىسى، ھەممە ئىشلىرىنى ھەل قىلىشقا ئۆزىڭىز مەسئۇل بولىسىز.

— بەك بەلەن ئىش بوپتۇ ھاكىم، بەك بەلەن! — يېزا باشلىقى كۆكلۈش كۆزلىرىنى مەمنۇنىيەت بىلەن قىسىپ مېنىڭ باش - ئايىغىمغا قارىغاچ، ئىتائەتمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىردى، — يېزىمىزدىغۇ ھازىر ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ، شۇغىنىسى بىر يازغۇچىنىڭ تەگلىكى ئۈزۈلۈپ تۇراتتى. شەھەر دېگەندىغۇ يازغۇچى دېگەن تولا بولىدىكەن، پوچتىخانىنىڭ ئالدىدا قاتار ئولتۇرۇپ كېتىدىكەن، مانا ئەمدى يازغۇچى يولداشتىن بىرى يېزىمىزغا كەلگەن بولسا، بۇمۇ ھاكىمنىڭ ئىلتىپاتى.

ھاكىم ماڭا قارىدى، مەن ھاكىمغا قارىدىم. ئىككىمىز قىزىقسىنىپ كۈلۈشتۇق.

## كۆندۈرۈش



ئاپام مېنىڭ ناھىيىگە خىزمەتكە كەلگەنلىكىمنى ئاڭلاپ، يېزىدىن كىچىك سىڭلىم بىلەن بىللە كەپتۇ. بىز بازار رەستىسىدە قاتارلىشىپ، نېمىنىدۇر پاراڭلىشىپ كېلىۋاتاتتۇق، ئالتە - يەتتە ياشلارغا كىرگەن سىڭلىم دەماللىققا مەندىن ھېيىقىپ، ئاپامنىڭ قولىغا ئېسىلغىنىچە پات - پات ماڭا تارتىنىش، جۈرئەتسىزلىك ۋە ئامراقلىق بىلەن قاراپ قوياتتى.

شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئارقىمىزدىن ۋېلىسىپىتلىق كەلگەن بىرسى سىڭلىمنى ۋېلىسىپىتكە سوقتۇرۇپ يىقىتىۋەتتى - دە، ئۆتۈپ كەتتى.

— توختاڭ! — دەپ توۋلىدىم مەن ۋېلىسىپىتلىق يىگىتكە، بىر ياقتىن سىڭلىمنى يۆلەۋېتىپ.

مەن ۋېلىسىپىتلىقنىڭ نېرىسىدىكى شۇنچە كەڭ يولدا ماڭماي، سىڭلىمنى يىقىتىۋەتكەن يولسىزلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن ئىككى ئېغىز زوكۇنلاشماقچى بولدۇم.

شۇ چاغدا كۈتۈلمىگەندە ئاپام، ئەمدىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، مىشىلداپ يىغلاۋاتقان سىڭلىمنى بىر تەستەك سالدى - دە:

— نېمىشقا كۆزۈڭگە قاراپ ماڭمايسەن ھارامى! — دەپ ۋارقىرىدى.

مېنىڭ غەزەپلىك بۇيرۇقۇم بىلەن ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۆز گۇناھى ئۈچۈن ئەپۇ سوراشقا تەييارلىنىپ تۇرغان يىگىت، ئاپامنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىن كېيىن، بىردىنلا كۆرەڭلىك بىلەن گىدىيىپ، ماڭا قاراپ مەسخىرە بىلەن كۈلدى - دە، ۋېلىسىپىتىگە غالىبلارچە سەكرەپ مىنىپ كېتىپ قالدى.

مەن ئۈستى - ئۈستىلەپ كەلگەن زەربىدىن ئەس - ھوشىنى يوقاتقان سىڭلىمنى كۆتۈرۈۋېلىپ، باغرىمغا باستىم، سىڭلىم ئەمدى نېمىشقىدۇر ياش بىلەن ھۆللەنگەن ئىسسىق مەڭزىنى يۈزۈمگە يېقىپ، بوينۇمنى مەھكەم قۇچاقلىۋالغانىدى.

— بىكارلا ئۇردىڭىز ئاپا، — دېدىم مەن ئاپامغا، يۈرىكىمدىكى ھەسرەت ۋە ئەلەملىرىمنى تەستە بېسىپ.

— كۆرمىدىڭىزمۇ ئۇنىڭ ئەلپازىنى، شەھەرلىكلەرگە گەپ تېپىپ بەرگىلى بولامدۇ بالام، — ئاپامنىڭ ئاۋازى ئىچكى بىر خورلۇقتىن تىترەپ چىقاتتى، — ھېچقىسى يوق، ئۆز بالىمىز ئەمەسمۇ، كوچىدا شەھەرلىكلەر بىلەن ئۇرۇش - تالاش قىلىش ياخشى ئەمەس.

نېمىمۇ دېيەلەيتتىم؟ خورلۇقى چېكىگە يەتكەن ئاچچىق بىر يىغا بوغۇزۇمغا كەپلەشتى، ئىلاجىسىز ئىچىمدە ئاستا پىچىرلىدىم: «جېنىم ئاپا، بالىڭىزنى كىچىك-

دىنلا زوراۋان كۈچ ۋە بوزەك قىلىنغۇچىلار ئالدىدا ياۋاش مۆمىنلىككە كۆندۈرەي دېگىنىڭىزمۇ - بۇ؟»

## قىزىمنىڭ بەختى



تونۇردەك قىزىغان پايانسىز دەشت. بىز ئاپتوبۇستا ئەتىگەندىن بېرى چۆللۈكنىڭ شىمالىي تەرىپى بىلەن تۇتىشىپ كەتكەن گىياھسىز، تاقىر، چۆل تاغ بويلاپ كېلىۋاتىمىز. چۆللۈكتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان سەلەپ، يىراقتىن قارىسىڭىز خۇددى تاشقىنلاپ كېلىۋاتقان تاغ سۈيىدەك يالىلداپ كۆرۈنەتتى. ئۇچۇق كۆزنەكتىن گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقان چۆل شامىلىنىڭ چوغدەك ھارارىتى نەپەسنى كۆيدۈرەتتى. ئاپتوبۇس خۇددى بۇ ئاتەشلىك چۆل ئىسسىقىدىن بېشى قېيىپ دەرەخ سايىسىگە ئۆزىنى ئاتقان كالىدەك، بولۇشىچە چاپماقتا ئىدى.

بىر چاغدا ئالدىمىزدا، ئۇچۇق تاقىر سايدا ئىككى ئادەم — بىر ئەر، بىر ئايال كۆرۈندى. ئۇلار يىراقتىن تاشيولغا — ئاپتوبۇسنىڭ ئالدىغا چىقىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن يۈگۈرەيتتى. ئەر ئايالنىڭ قولىدىن تۇتۇۋالغاندەك قىلاتتى، ئايال مۇدۇرۇلەتتى، يىقىلاتتى، ئەر ئۇنى يۆلەيتتى، قولىدىن تارتىپ سۆرەيتتى ۋە ئاپتوبۇسقا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، نېمىنىدۇر دەپ توۋلايتتى.

بىز شوپۇرغا بۇ ئىككى بىچارە يولۇچىنى ئاپتوبۇسقا چىقىرىۋېلىشنى ئۆتۈندۇق. ئۇلار ئاپتوبۇس ئىشىكىدىن ھاسىراپ - ھۆمىدەپ چىقىپ كەلگەندە، ئۇلارنىڭ ئىككى ئەمەس، ئۈچ جان ئىكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ بىرى- يېشى يەتمىشلەردىن ئاشقان، ئاپئاق ساقال بوۋاي، يەنە بىرى يېشى تېخى ئون ئالتىلەرگە بارمىغان كىچىككىنە قىز ۋە قۇچىقىدىكى بىر ياشلار ئەتراپىدىكى كىچىك بالا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. بوۋاي قولىدىكى نىمكەش قىزىل خۇرجۇننى كابىنكىغا يۆلەپ قويدى - دە، ئۈستىگە جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن بېلىدىكى رەڭگى ئۆڭگەن بەلبېغىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن باش - كۆزىدىن شورۇلداپ قۇيۇلۇۋاتقان ئاچچىق تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى. قىز ئاپتوبۇس ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، قۇچىقىدىكى بالىنى ئېمىتىشكە باشلىغاندىلا، بىز بۇ قىزنىڭ ئاللىقاچان بىر بالىغا ئانا بولۇپ قالغانلىقىنى بىلدۇق.

قىزنىڭ چىرايىغا ۋە تەقى - تۇرقىغا سەپسالغاندا كىشىنىڭ يۈرەك باغرى سېرىلىپ كېتەتتى. ئەنە، بېشىغا ئارتىلغان، ئورۇق، ۋىجىك يەلكىسىنى يېپىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدىن ئولتۇرغان يېرىگىچە سۆرۈلۈپ تۇرغان كونا بوزرومال، جۇلىقى چىقىپ كەتكەن، ئۈزۈلگەن تاسمىلىرى قايتا ئېرىتىلىپ يەملەنگەن كونا سۇلياۋ ئايىغى ئىچىدىكى پايپاقسىز كىرلەشكەن پۇتلىرى، ئاپتاپتا قالغان سېغىز لايدەك چاك- چاك يېرىلغان، قارايغان تاپانلىرى....

بىر چاغلاردا قىزىل گۈل بەرگىنى ئەسلىتىدىغان ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك، زىلۋا بويى-بەستىنى ئەمدى مۇشۇ پايانسىز دەشت ئاپتىپى كۆيدۈرۈپ قۇرۇتۇۋەتكەن، سولاشقان، يىگىلەشكەن. تېخى بالىلىقىنىڭ يۇمران - ئەۋرىشىملىكى كەتمىگەن قاپقارا قوڭدۇز چاچلىرى

بالىلىق گۈزەللىكلىرى تېخى ياشلىق مەۋسۇمىنىڭ نەۋباھارىغا يەتمەيلا، توزۇپ كېتىۋاتقان چىرايى ئۈچۈن هازا تۇتۇپ يىغلىغاندەك پېشانىسىگە چاپلاشقان. هايات ۋە ياشلىقنىڭ ئاجايىپ سېھرى گۈزەللىكى ھېلىمۇ بۇلۇتلار ئارىسىدىن غىل - پال كۆرۈنۈپ قالىدىغان تاڭ قۇياشىدەك كۆرۈنىدىغان ئوماق، قاپقارا كۆزلىرىدە تىل بىلەن ئىپادىلەش قىيىن بولغان تەگسىز ھەسرەت، مۇڭ ۋە بۇنىڭغا بولغان ئىنتائەتمەنلىك ھېسسى خۇددى قايناق كۆز يېشىدەك پىلىلداپ تۇراتتى. ئاھ، شۇ لەۋلەر! ئەسلىدىكى ئەتىرگۈل غۇنچىسىدەك قىزىل، يۇمران، ئانەشلىك لەۋلەر ئەمدى خۇددى بەرگىدىن ئۈزۈلگەن ياپراقتەك سۇزۇلگەن، قېنى قاچقان، سوۋۇغان.

بالا قىرقىراپ يىغلىدى. ئانا-ئاشۇ هاياتلىق گۈلى ئېچىلماي توزۇۋاتقان قىز، بالىنىڭ ئاغزىغا ئەمچەك سالدى. بالا خۇددى ئۇنىڭ باغرىغا چاپلاشقان يىرتقۇچ يالماۋۇزدەك، ئانا ۋۇجۇدىدىكى نىمجان هاياتلىق بۇلىقىنىڭ ئاخىرقى تامچىسىنىمۇ كۈچەپ سۈمۈرەتتى. ئانىنىڭ ھېلىھەم كۈچسىز تېپىۋاتقان يۈرىكىدىكى كۈچ- مادار، هاياتقا تارتىنىش ۋە ھەممىشە كېچىلىرى چۈشەپ چىقىدىغان ئارزۇ-ئارمانلىرى ئۇنىڭ بۇرتۇپ چىققان كۆپكۆك تومۇرلىرى بويلاپ، بالىنىڭ ئاغزىغا قۇيۇلۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى.

— بۇ بالا سىلىنىڭ قىزلىرىمۇ دادا؟ — سورىدىم مەن ئاپتوبۇس بىلەن تەڭ سىلكىنىپ خورجۇنى ئۈستىدە غەمسىز مۈگدەپ ئولتۇرغان بوۋايدىن. بوۋاي يۆگلۈق، ئاقۇش قاشلىرى ئاستىدىكى نۇرسىز كۆزلىرىنى ئېچىپ، ماڭا قاراپ، ئاندا - ساندا قالغان سېرىق چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھىجايدى.

— ھەئە، مېنىڭ قىزىم. بالىلىرىمنىڭ كەنجىسى.

— قاچان ياتلىق قىلىۋىدىڭلا؟

— ئۆتكەن يىلى قوغۇن پىشىقىدا.

— بۇ قىلغانلىرى بولماپتۇ دادا. بەك بالدۇر تويى بولۇپ كېتىپتۇ.

— نەدىكىنى؟ — بوۋاينىڭ قاشلىرى كىرپىكلىرىدەك تىك كۆتۈرۈلدى، — بۇ قىزىمنىڭ بەختى - تەلىيى بالام.

مەن بۇ قاباھەتلىك، نەپرەتلىك «بەختى-تەلەي» توغرىسىدا ئېچىنىش ۋە ئازاب ئىچىدە ئويلىنىۋاتقان چېغىمدا قىز قاچانلاردىدۇر چاپىنىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋالغان بىر پارچە زاغرا ناننى ئېلىپ، غاجاپ يېيىشكە باشلىدى. بالىغا قارىدىم، ئۇ ھېلىمۇ ئانىسىنىڭ ئاللىقاچان بوش خالتىدەك پۈرلىشىپ، يىگىلىشىپ كەتكەن ئەمچىكىنى سوزۇپ، تارتىپ ئەممەكتە ئىدى. مەن سومكامدا مۇشۇ ئاچ قىزنىڭ يېيىشىگە لايىقراق يېمەكلىكنىڭ قالمىغىنى ئۈچۈن ئېچىندىم. شۇڭا سومكامنىڭ تېگىدە قالغان ئىككى-ئۈچ پارچە يۇمشاق توخۇم پىرەنىكنى ئېلىپ قىزغا ئۇزاتتىم. قىز ئۇنى ئۆمرىدە كۆرۈپ باقمىغان بولسا كېرەك، ماڭا ئۇنسىز مىننەتدارلىق نەزىرىدە بېقىپ، ئاندىن پىرەنىككە قىزىقىش ۋە ھەيرانلىق بىلەن سەپسالدى-دە، گويا بۇ ئېسىل يېمەكلىك ئۆزىنىڭ يېيىشىگە لايىق ئەمەستەك، ئۇنى ئىككى قوللاپ دادىسىغا ئۇزاتتى. خېلىدىن بېرى قىزىنىڭ قولىدىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلىۋاتقان بوۋاي، پىرەنىكنى قىزىنىڭ قولىدىن يۇلۇپ دېگۈدەك ئالدى-دە، خۇددى ئانا - بالا ئىككىسىدىن قىزغانغاندەك، ئاغزىغا كەپلەپ تىقىپ، يالماپ يۇتۇشقا باشلىدى.

مەندە ئۇلارغا يەنە قارىغۇدەك كۈچ- مادار قالمىغانىدى، مەن خۇددى چۆل - دەشتتىكى سەلەپتەك يالىلداۋاتقان يۈرەك ھېسلىرىمنى تەستە بېسىپ، شاپائەتلىك تەڭرىگە يېلىندىم:

— ئۇلۇغ پەرۋەردىگار، بەندىلىرىڭنى مۇشۇنداق ئاتىلارنىڭ قولىغا قويمىغىن!

1987 - يىل 26 - ئاۋغۇست، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت




## سېنىڭ ناخشاڭ

يىگىرمە ياشتا يەنە ئۇن يىل تۇرسام دەپ،
بەكمۇ كۆپ كىشىلەر قىلىشتى ئارمان.
لېكىن ئاي، كۈن، سائەت، باشقا ئاق سانچىپ،
ئارزۇلۇق تەنلەردە قويمىدى دەرمان.

ھېچكىم تاپالمىدى بىر ئىزدا تۇرۇش —
پەقەت قېرىماسلىق داۋالىرىنى.
ۋاقىت ئاساۋ ئاتتەك چېپىپ راۋرۇس،
چەيلىدى ئۆمۈرنىڭ دالالىرىنى.

لېكىن مەن ئۇنى بۇدەم سەھنىدىن تاپتىم،
بۇ كەشپىياتىمدىن ئەقلىم بولدى لال.
ئۆزەمنى ئۇنتۇدۇم، سەل بولۇپ ئاقتىم،
بىلمىدىم بۇ چۆلمۇ، تاغمۇ ياكى زال،

كۆزۈمدە بىر گۈزەل، ناخشىسى لەرزان،
قەلبىمدە بىر ئاھاڭ تەۋرىتەر مېنى.
كۆڭلۈمدە بىر سۆيگۈ قىلىدۇ جەۋلان،
جىسمىمدا يانىدۇ ياشلىق يالقۇنى.

بەزىدە كېتىمەن ئامانىنسانىڭ —
قېشىغا، قولۇمنى تۇتقان بولىدۇ.
بەزىدە چۆكىمەن تېگىگە سۇنىڭ،
ئۆپكۈنلار تېنىمنى يۇتقان بولىدۇ.

قارىشىم ئالدىدا بىرلا ناخشىچى،
قۇلىقىم تۈۋىدە پەقەت بىر ئاۋاز.
ئېتىقاد كۆتۈرۈپ كۆككە روھىمنى،
پەرلەر ئىچرە قىلىدۇ پەرۋاز.

بەزىدە ئارقامغا نەچچە ئەسىرلەپ —
يانىمەن، گوياكى تۇغۇلمىغاندەك.
تارىخ كۆز ئالدىمدىن ئۆتىدۇ لەپ - لەپ،
بىردەمدە ئوت كەبى، بىردەمدە قاندەك.

تىڭشايمەن بەزىدە ناغرىلاردىن ئۈن،
بەزىدە قىلىچنىڭ جاراق - جۇرۇقى.
بەزىدە زۇلمەتتىن تۇتۇلىدۇ كۈن،
كۆكسۈمگە تېگىدۇ ياۋلارنىڭ ئوقى.

بەزىدە ئالدىمدا پارلاپ مەنزىرە،
ئەتىنى نىشانلاپ چاپتۇردىمەن ئات.
ئىستىقبال بويىنۇمغا سالىدۇ گىرە،
توسقۇنلار يەنچىلىپ چېكىدۇ پەرياد.

شۇ مەھەل ئەتراپىم جىمىلىققا چۆكۈپ،
يۈرىكىم ئىزىدا توختاپ قالىدۇ.
دولقۇنلىرىنى شۇ ناخشىغا تۆكۈپ،
سەبى بىر جەڭچىگە ئوخشاپ قالىدۇ.

چۆچۈپ قارايمەنكى ئۆلۈم قايغۇسى،
خىيال دەپتىرىمدىن نەگىدۇر كەتكەن.
يىللارنىڭ قېرىدىسەن دېگەن ھەيۋىسى،
ئۆزىنى مېنىڭدىن مۇستەسنا ئەتكەن.

ۋۇجۇدۇم كۆچكە لىق، غورۇرۇم ئۆزگە،
جىگىرىم باشقىچە، يانغان ياشلىقىم.
قانچىلاپ دەقىقە ئۆتسۇن بۇ يەردە،
ئۆزگەرمەي شۇ پېتى قالغان ياشلىقىم.

ئاھ ناخشا، ئانامنىڭ بۆشۈك تۈۋىدە
ماڭا ئېيتىپ بەرگەن دەردلىك ناخشىسى.
ئاھ ناخشا، بىر گۈزەل تۇرۇپ سەھنىدە،
ماڭا توۋلاپ بەرگەن مەردلىك ناخشىسى.

مەن ئۇنىڭ ئىچىدە ياكى ئۇ مېنىڭ —
ئىچىمدىمۇ قانداق ئېتەلمەيمەن پەرق.
ئۇ ماڭا بېرىدۇ كۈچ، غايە، ياشلىق،
بولمايمەن يىللارنىڭ كەلكۈنىگە غەرق.

ئاھ ناخشا، ئاھ ناخشا تۇۋۇلغان گۈزەل،
مېنى بېسىۋالغىن كۆكسۈڭگە بىردەم.
سەن بىلەن نەۋقىران ئۆتتىمۇ بۇ ئەل،
سەن مېنى ياشارتتىڭ، مەنمۇ سېنى ھەم.

# يۇرتۇمدا دېڭىز يوق...

ئۆزۈڭنى ئۇنچىلا ماختىما دېڭىز،
تازا ئويلاپ باقساڭ ئىچىڭدە دەرد بار.
چىرايىڭمۇ ئەمەس ھەممىگە ئەزىز،
قەلبىڭدىمۇ يوق ھەم كۆلدەك ئىپتىخار.

يۇرتۇڭدا بولمىغاچ بىلمەيسەن دېمە،
يۇرتۇمدا راست سەن يوق لېكىن كۆللەر بار.
ئەركىن ئۈزۈپ يۈرگەن غاز - ئۆدەكلىرى،
ئەتراپىدا ئۇنىڭ قىزىل گۈللەر بار.

ئۇڭا قويۇلمايدۇ ئەبجەش ئېقىملار،
يوق. زىلال سۈيىدە لاتقىدىن ئەسەر.
ئۇنىڭ ھۆسنى كۆركەم ئەينەك بەئەينى،
بىغۇبارلىقىدىن لالدۇر گۈزەللەر.

ئۈزىمىن كۆكسىدە گوياكى يۈرەك،
تومۇرى ئۇتاشقان ئېتىز - ئېتىزغا.
ئۇنىڭ قوينىدىكى سۇلار خۇددى قان،
ئاقىدۇ زاۋۇت - كان، يىگىتكە - قىزغا.

نازاكەت دولقۇنى مەخمەلگە رەڭداش،
جىمجىت نەپەس بىلەن سوزۇلۇپ ياتقان.
ئۇچۇملاپ ئوتلىساڭ زەمزەمگە تەڭداش،
ئەمەس سەندەك ئاچچىق، ئەلەمگە پاتقان.

يىراق - يىراقلاردىن ئۇچۇپ كەلگەن قۇش،
جەننەتۇل مەئۋا دەپ قونۇپ ئۆتتىمۇ.
دائىما ئەمەس بەلكى ئىشقىي - مۇھەببەت،
روھىي ئوزۇقلارغا تويۇپ ئۆتتىمۇ.

يۇرتۇمدا راستسەن يوق، كۆلنىڭ چىرايى
يۇرتۇمنىڭ كۆكسىگە زىبىنەت ئورنىدا.
مەن ئۇنى نازىنىن يار دەپ تونۇسام،
قىرغاقلىرى خۇددى مارجان بويىنىدا.

ساناقسىز گۈل - گىياھ ئېگىشىپ دائىم،
لېۋىگە تەگكۈزمەك بولۇپ لېۋىنى.
قۇچقاچلار چۇرۇقلاپ قونىدۇ ئاستا،
ئاڭلىماق بولغاندەك قىلغان گېپىنى.

ئۆزۈڭنى ئۇنچىلا ماختىما دېڭىز،
دېمە گۈزەللىكىم ئالەمدە ئۆزگە.
ساڭا بۇ ئالەمدە يەككە ماكان يوق،
كۆل كەبى رەڭگا - رەڭ چۈشمەيسەن كۆزگە.

كۆل ھەرگىز سېنىڭدەك پايانسىز ئەمەس،
ئەيىب دېسە پەقەت شۇلا ئەيىبى.
بىراق ئۇ بۇنىڭغا قىلمايدۇ ھەۋەس،
يوق ئۇنىڭ چېگراسىز بولۇش تەلپى.

بولالمايسەن دېڭىز، كۆلدەك چىرايلىق،
سەندىن تاپماق قىيىن يىلنىڭ پەسلىنى.
سەن ھەرگىز كۆل كەبى ئۆز جېنىڭ بىلەن
سۇغۇرۇپ تۇرمايسەن ئەجداد نەسلىنى.

كۆل ئۇ سەندىن كىچىك، غۇرۇرى باشقا،
سەن كۆلدىن چوڭ ئەمما ئوكيانلارغا غەرق.
پەقەت نامىڭلا بار، نامىڭ يوقالسا،
سەن ئوكيان يا دېڭىز، قىلىپ بولماس پەرق.

× × ×

ئۆزۈڭنى ئۇنچىلا ماختىما دېڭىز،
تازا ئويلاپ باقساڭ ئىچىڭدە دەرد بار.
چىرايىڭمۇ ئەمەس ھەممىگە ئەزىز،
قەلبىڭدىمۇ يوق ھەم كۆلدەك ئىپتىخار...

مەسئۇل مۇھەررىرى: **قۇربان مامۇت**




(تارىخىي ئوبزور)

نىزامىدىن ھۈسەيىن

## ۋەلىخان خوجا توغرىسىدا

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ھەر دەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.

ناسىر خىسراۋ

19 - ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پۈتۈن قەشقەرىيەنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى تالاشقان ۋە بىر مەزگىل قەشقەر دائىرىسىدە «ھاكىمىيەت» تىكلەپ، پەۋقۇلئاددە جاھالەت ئەسەبىيلىكى (ياۋۇزلۇق، خۇنخورلۇق قىلمىشى) بىلەن بىر قىسىم ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا ئاپئاق خوجىنىڭ 19 - ئەسىر سوپىلىق ئىدىيىسىنى («ئىشقىيە» تەرىقىتىنى) قايتىدىن تىرىلدۈرگەن (يۈرگۈز- گەن، كېڭەيتكەن) ھەم ئۆزىنى كېيىنكى زامانلاردىكى ئۇلۇغ زات - «ئەۋلىيا ھەزرەت» دەپ ئېلان قىلغان مەشھۇر سوپى - زاھىدلاردىن بىرى — ۋەلىخان خوجىدۇر.

تارىخىي خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەلىخان خوجا ئاپئاق خوجىنىڭ پەر نەۋرىسى خوجا باھاۋۇددىن ئىشاننىڭ ئوغلى بولۇپ، 1807 - يىللىرى ئەتراپىدا قوقاندا دۇنياغا كەلگەن. 1827 - يىلىدىن 1850 - يىللارغىچە (قوقان خانى مەدەلىخان ۋە خۇدايارخانلار زامانلىرىدا) دىنىي، سىياسىي، ئىجتىمائىي، ھەربىي ئىشلار بويىچە تۆۋەن ۋە ئوتتۇرا دەرىجە- لىك مەنسەپ، دەرىجىلەردە ئىشلەپ، 1850 - يىللارغا كەلگەندە، «ئىشقىيە» سىلۇكىنىڭ «پىرى»، ئاپئاق خوجىنىڭ «يېڭى ۋارىسى» سالاپىتى بىلەن ئوتتۇرىغا چىققان. 1852 - يىللىرى ئەترا- پىدا شۇ چاغلاردىكى قوقان ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئىچكى جىدەللىرىگە چېتىلىپ مەغلۇب بولغان




تەرەپلەرنىڭ تەزيىقىدە تۇرۇپ قالغانلىقى ئۈچۈن غالىب گۇرۇھلار تەرىپىدىن تۇتقۇن قىلىنىش ئارىلىقىدا قەشقەرگە قېچىپ كېلىپ، بىر مەز- گىل ئاپئاق خوجا مازىرىدا پاناھلانغان. 1856- يىلىغىچە قەشقەر، يەكەن، قۇمۇل، تۇرپانلاردا، ھازىرقى سوۋېت ئوتتۇرا ئاسىياسىنىڭ بىر

* بېشى ئۆتكەن سانلاردا

قىسىم جايلىرىدا ۋە مەككە، ئىستانبول، كابۇل قاتارلىق چەتئەل شەھەرلىرىدە قاتراپ يۈرۈپ، ئاپئاق خوجا تەرىقىتىنى بازارغا سالغان ھەم قەشقەردىيىنىڭ بىر پۈتۈن سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەش كويىدا ھەرىكەتلەنگەن. 1857 - يىلى 4 - ئايدا ئۆزىنىڭ بىر قىسىم قوقانلىق سىياسىي شېرىكلىرى بىلەن بىرلىشىپ، قەشقەردىكى ئەگەشكۈچى ئاق تاغلىق سوپى-مۇرىتلارنىڭ ياردىمى بىلەن قەشقەرنىڭ سىياسىي ھاكىمىيىتىنى ئىگىلەپ — «قەشقەر ۋەلىخان خوجا خانلىقى» نى قۇرغان. قوقانلىق ھۆكۈمرانلارنىڭ ھىمايىسى بىلەن قۇرۇلغان بۇ «خان» لىقنىڭ شۇ چاغلاردىكى تەۋەلىكى ھازىرقى قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر، پەيزاۋات، ئاتۇش، يوپۇرغا، مارالبېشى دائىرىسىدىنلا ئىبارەت بولۇپ، قەشقەردىيىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى خەلقلەر بۇ خوجىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى رەد قىلغان (تونۇمىغان). نەتىجىدە ئاخىرى بۇ يېتىم «خانلىق» كېڭىيىپ داۋام قىلالماي، شۇ يىلى 9 - ئايغا كەلگەندە چىڭ سۇلالىسى كۈچلىرى تەرىپىدىن قەشقەردە تەلتۆكۈس تارمار قىلىپ تاشلانغان. ۋەلىخان خوجا بىر قىسىم شېرىك، چاپارمەنلىرى بىلەن بىرلىكتە قوقان تەرەپكە قېچىپ يوقالغان. مانجۇ قىسىملىرى ئەينى چاغلاردا بۇ خوجا ۋە ئۇنىڭ شېرىكلىرىگە خاتا ئەگىشىپ قالغان قەشقەر مۇسۇلمانلىرىدىن كۆرگەن تالاپەتلىرى ئۈچۈن پەۋقۇلئاددە قاتتىق ئۆچ ئالغان. خۇددى «ئەششار دۇرنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەردە كۆرسىتىلگەندەك: مانجۇلار «خەلقنىڭ مال - چارۋىلىرىنى، ئاشلىق، مۈلۈكلىرىنى بۇلاڭ - تالاڭ قىلغان. مەسچىت، خانىقالارنى كۆيدۈرگەن. تارىختا ئۆتكەن خوجىلارنىڭ قەبرىلىرىنى تېپىپ ئېچىپ، جەسەتلىرىنى چىقىرىپ كۆيدۈرۈپ، كۈللىرىنى كۆككە سورۇۋەتكەن. خوجىلار تەرەپدارلىرى دېگەن باھانە - سەۋەبلەرنى دەستەك قىلىپ، بىگۇناھ مۇسۇلمان جامائەتچىلىكىنى تەكرار - تەكرار قىرغىن قىلغان ھەم بەزى مۆتىۋەر مۇسۇلمان پېشىۋالىرىنىڭ باشلىرىنى كېسىپ قەپەزلەرگە سېلىپ، ئۇزۇن بادرىلارنىڭ ئۇچلىرىغا ئىلىپ - سانجىپ، بېكىتىپ، قەشقەرنىڭ شەھەر دەرۋازىلىرىغا، كوچا دوخمۇشلىرىغا، رەستە-چاسىلىرىغا ئېسىپ، ئەلنى چۆچۈتۈش ھەرىكىتىنى ئېلىپ بېرىشقان. بۇ خىل پاجىئەدىن چۆچۈگەن قەشقەر ئاھالىلىرىدىن 15 مىڭدىن ئارتۇق كىشى شۇ يىلى تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ پېتىراپ، چۆل - جەزىرىلەردە، ئاچارچىلىق، يول ئازابى ۋە ھەر خىل پاجىئەلىك كەچۈرمىشلەر بىلەن ئۆلۈپ تۈگەشكەن.»

جوھۇت ۋە مۇسۇلمان قىلالتتى جاڭجال،
سۆزلىرىدىن كۈلكەم ئۆرتەندى شۇئان.
«جوھۇت بولاي ئەگەر، ئەي خۇداۋەندە،
ئەھدىم چىن بولمىسا» دەيتتى مۇسۇلمان.

جوھۇت دەر: «تەۋراتتىن ئىچەي مەن قەسەم،
سەندەك مۇسۇلمان بولاي، ئەھدىم بۇزغان ئان».
يەر يۈزىدە ئەقىل يوقاپ كەتسىمۇ،
ھېچكىم دېمەيدىكەن ئۆزىنى نادان.

سەئىدى شىرازى

بۇ «خوجا - ئىشانلار تارىختا بىزنىڭ ئەجدادلىرىمىزنى گىرىپتار قىلغان سانسىزلىغان پاجىئەلەردىن پەقەتلا بىرلا بۆلىكىدۇر. يەنى بۇ — خوجا - ئىشانلار ئىخلاسمەنچىلىكىگە تارىختىلا كۆنۈپ كەتكەن، جۈملىدىن ۋەلىخان خوجىنىمۇ «ئەزىزانە ۋەلى»، «پىرىم ۋەلىيۇللا» دەپ تىللىرىدىن چۈشۈرمەي، دىللىرىدىن ساقىت قىلماي، پايى - قەدەملىرىگە يانداشىپ، «خوجام ئۈچۈن»، «ئاخىرەت ساۋابى ئۈچۈن»، «جەننەت ئۈچۈن» جېنىنى ئالقانىغا ئېلىپ يۈرگەن بىر قىسىم ساددا،

ئالدانغان ئەجدادلىرىمىز يولۇققان پاجىئەلەردىن بىرىدۇر.

يامانغا قوشۇلساڭ بولارسەن يامان،
يامانغا يولۇقساڭ بالاسى يۇقار،
يۇقتۇرار قاراسىن دائىما قازان.
قازانغا يولۇقساڭ قارىسى يۇقار.

ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىدىن

ۋەلىخان خوجا 1865 - يىللىرى ئەتراپىدا خۇدايارخان ھاكىمىيىتىنىڭ تىنىمسىز رەقىبلىرى قاتارىدا يەنە ئەيىبلىنىپ، تۇتۇلۇش پەيتىدە خۇدايارخان ھاكىمىيىتىدىن چۆچۈگەن كاتتاخان تۆرە باشلىق 7000 ھەربىي سەرگەردان بىلەن بىللە قوقاندىن قەشقەرگە قېچىپ كېلىۋالغان. 1865 - يىل 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى قەشقەرنى ئىشغال قىلغان ياقۇپ بەگ بۇ قوقان قاچقۇنلىرىنى جۈدۈلىدىن ۋەلىخان خوجىنىمۇ ياخشى كۈتۈپ، ئورۇن بەرگەن. لېكىن ۋەلىخان خوجا يەنىلا «پىر» لىق «ھۈنىرىنى» ئاشكارىلاپ، خۇددى «تارىخىي ھەمىدىيە» نىڭ 347 - بېتىدە كۆرسىتىلگەندەك: «زاماننىڭ زامانى ۋەلىخان تۆرەمنىڭ زامانى» دەپ كوچىلاردا جار سېلىپ، ناغرا - كانايلارنى شادىيانىگە سوقۇشقا باشلىغان... ياقۇپ بەگ بۇ ئەھۋالنى بىلىپ قېلىپ، ئىككى پانساتنى ياردەمچىلىرى بىلەن بۇيرۇپ، ۋەلىخاننى بارگاھقا ئېلىپ كېلىپ، غەزەپ بىلەن قاتتىق سۆككۈپ: «بىزلەر بۇ يەردە خىتاي شەھىرىنى ئالالماي، بىر مۇنچە جاپا - مۇشەققەتلەر چېكىپ، ھەر نېمە ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈپتىمىز، سىز بولسىڭىز بەش - ئوندەك باشباشتاقنى ئەگەشتۈرۈپ، ئۆزىڭىزچە بۇ يۇرتلارغا ئىگىدارچىلىق ئىشتىياقىنى قىلىپ يۈرۈپسىز. ئىلگىرى كېلىپ قەشقەرنى تۇتالماي، مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ جەسەتلىرىدىن كاللا مۇنارلىرىنى ياساپ، كۆپ ناھەق قانلارنى تۆكۈپ، نەچچە مىڭلىغان مۇسۇلمانلارنىڭ خۇنلىرىغا زامىن بولۇپ، قېچىپ كەتتىڭىز. ئەمدى بىز خىتايلار بىلەن ئۇرۇشۇپ جاپا - مۇشەققەتلەرنى تارتىپ تۇرغان ۋاقتىمىزدا، سەن نېمە ئادەم دېمىشكە ئاغزىڭىز بارداي، شەھەرنى ئۆزىڭىزنىڭ قىلغىلى قەست قىلىپسىز» دەپ قاتتىق سۆزلەرنى قىلىپ، غەزەپ - ئاتەشلىرى ئۆرلەپ، خەنجىرىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ چاپقىلى تەمشەلگەن... كېيىن ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى ھېچكىم كۆرمىگەن ھەم بىلمىگەن (يەنە شۇ كىتاب 348 - بەت). بەزى خاتىرىلەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەلىخان خوجا ياقۇپ بەگ كۈچلىرى تەرىپىدىن 1866 - يىلى 2 - ئايدا يېڭىساردا تامغا باستۇرۇۋېتىلگەن. جەسىتىگىمۇ يېڭىسارلىق مەنسەپدارلار قەبرىگاھلىقىدىن يەرلىك بېرىلمىگەن (ئاللاھ زالىملارغا زاۋال بەرگۈچىدۇر — تەپسىردىن).

كىمكى تىغ كۆتۈرسە بىراۋ جانىغا،
زامان تەشنا بولار ئۇنىڭ قانىغا.

ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

بەزىبىر جاھالەت ھامىيلىرى يەنى سوپىلىق ئەسەبىلىكىدە ئالجىغان، نادان، يالغانچى ۋايىزلار (غايىبانە ئىخلاسمەنچىلىك ئاسارىتىدە تۇرۇپ كەلگەن بىھۇدە ئېتىقادچىلارمۇ ھەم) تەرىپىدىن «ئۇلۇغ» لۇقتا «تەڭداشسىز زات» دېگەن سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلىنىپ كەلگەن بۇ خوجىنىڭ تارىختىكى ھەقىقىي ماھىيىتىنى يەنى قىياپەت، قىلمىشلىرىنى تۆۋەندىكىچە ئەسلەپ ئۆتىمىز:

1. ۋەلىخان خوجا — قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ باشلىرىدىن كاللا مۇنارلىرى ھاسىل قىلغان «پىر» دۇر «جازالاشنىلا ھالاۋەت بىلگەن، كۆڭلى قاتتىق، زاتى قوپال، قاپىقى يامان، ئەقلى كەم،

ئاداۋەتنى دوست تۇتىدىغان، ئالاھىدە شۇم غەرەز، شەپقەتسىز، مىجەزى سۇس، قارا بىس، خۇنخور ئىنسان — ئىسلامغا دۈشمەنلىك قىلغۇچى ھەم ھاياتقا رەقىب ئىنساندۇر...» («بورقۇم ئەۋلىيا» دىن).

ۋەلىخان خوجا قاتتىق قىرغىنچىلىق بىلەن قەشقەرنى بېسىۋالغان ۋە بىر مەزگىل ھۆكۈمرانلىق قىلغان چاغلار ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن «كامالەتلىك دىندار» لىرى، «ئۇلۇغ ئالىم-ئۆلىما»، «غازىلىق مەرتىۋىسىگە يېتىشكەن» ئالاھىدە ھەربىي، مۈلكىي ئەمنىيەت چوڭلىرى (سوت، تەپتىش، ساقچى ئەمەلدارلىرى) ئارقىلىق قەشقەر مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا تۈنجى ئىش سۈپىتىدە — «ئىسلامنىڭ كۈچىنى كۆرسىتىش» (ئەمەلىيەتتە ئۆزىنىڭ ھەيۋىسىنى نامايەن قىلىش)، «دىنىنىڭ پاكلىقىنى ئەسلىگە ئەكېلىش» (ئەمەلىيەتتە ئاپئاق خوجىنىڭ «ئىشقىيە» تەرىقىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش)، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى «پاسىق»، «بۇزۇق»، «مۇرتەد»، «بىدئەت»، «دىنىي زىندىق» لارنىڭ ئەدىپىنى بېرىش — تۈۋاقلىدۇرۇش، «جەمئىيەتنى پاكلاش» (ئەمەلىيەتتە بۇ خوجىنىڭ قانخور «ھاكىمىيىتى» گە ۋە خوجا كۈچلىرىنىڭ قىلمىشلىرىغا قارشى كۆرەشكەن، قەشقەر ۋەتەنپەرۋەرلىرىنى، يەرلىك ئالىم، ئۆلىما، مەرىپەت ئەھلىلىرىنى، يېڭىلىق ئىجادچىلىرىنىڭ بارلىقىنى ئۆلتۈرۈش، كاردىن چىقىرىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ «ھاكىمىيىتى» نى مۇستەھكەملەش) ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرغان. نەتىجىدە قەشقەر جەمئىيىتىدە پەۋقۇلئاددە ئەسەبىلەشكەن جاھالەت كۈچلىرى يەنى خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا» دا تەرىپلەنگىنىدەك: «ئەۋلىيا ھەزرەت ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان، خاس قاتىللىقىنىلا كەسىپ قىلغان بىر بۆلۈم نادان، رەھىمسىز قىرغىن كۈچلىرى...» ياماراپ كەتكەن. بۇ كۈچلەر ئەمەلىيەتتە ۋەلىخان خوجىغا ۋە ئۇنىڭ «پىر» شېرىكلىرىگە مۇرىتلىق مەجبۇرىيىتى بىلەن باغلىنىپ تۇرغان، «پىر»غا سادىق بولۇشقا، «پىر» ئۈچۈن ئۆلۈش، ئۆلتۈرۈشكە، ئۆلۈمدىن قورقماسلىققا، سىر ساقلاش، رەھىمسىزلىككە ئۆگىتىلگەن قارام، ياۋۇز كۈچلەر ئىدى. «بورقۇم ئەۋلىيا» دىن بىلىشىمىزچە، ۋەلىخان خوجا ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى ئەنە شۇ خىل قارام كۈچلەرنىڭ كۈچى بىلەن 1857 - يىلى 4 - ئايدىن 9 - ئايغىچە ئۆز ئىلكىگە ئېلىۋالغان قەشقەر زېمىنىدىن يەنى شۇ چاغلاردىكى قەشقەر شەھىرى (قەشقەر كونىشەھەر، يېڭىشەھەر بىلەن قوشۇلۇپ)، ئاتۇش، پەيزاۋات، مارالبېشى، يوپۇرغا... تەۋەلىرىدىن «99 گۇناھ» بىلەن بالاغەت ۋە سالاھىيەتتە يېتىشكەن 4000 مۇسۇلماننىڭ جېنىنى تېنىدىن جۇدا ئەيلىگەن. بۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىنچ پۇقرادارچىلىق قىلىدىغان ئەھلى مۆمىن «سۈننىي» مۇسۇلمانلاردىن (نامرات، ئاقكۆڭۈل، جاھان ئىشلىرىدىن خالى، ئەھلى كاسىپ، دېھقان، باغۋەن، مالچى، تىجارەت ئەھلىلىرىدىن) ئىبارەت بولغان. ۋەلىخان خوجا كۈچلىرىنىڭ بۇ خىل پاجىئەلىك جىنايەت تارىخى توغرىسىدا 19 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان باي- سايراملىق ئۇيغۇر تارىخچىسى، مەشھۇر تارىخچى، شائىر، ھۆرمەتلىك ئۇستاز موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا سايرامى ئۆزىنىڭ «تارىخىي ھەمىدىيە» دېگەن ئەسىرىنىڭ 156 — 157 - بەتلىرىدە توختىلىپ مۇنداق يازغانىدى:

«... ۋەلىخان تۆرەم قەشقەر شەھىرىنى مۇھاسىرە قىلىپ، قىشلاق ۋە كەنتلىرىنى قولغا كىرگۈزۈپ، نۇرغۇن پاسىق، بۇزۇق...لارنى قەتلى قىلىپ، جەسەتلىرىنى ئىت ۋە قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپتۇر. يامان، پاسىق مۇسۇلمانلار ئىچىدىكى ئەر - ئايال زىناخورلارنىڭ بېشىنى كېسىپ، ئارىلاشتۇرۇپ تۆت كاللا مىنارىسى ياساپتۇر. مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكى ئون ئىككى گەز مىقدارى كېلەتتى دەيدۇلەر... ئۇنىڭ ئۆزى (ۋەلىخان تۆرىنىڭ ئۆزى — ئا) بەك چېكىش، ھايا-

بىز ئىشلارنى قىلىش ۋە قان تۆكۈشتىن ھېچقانداق ئۆزىنى تارتىپ، ئېھتىيات قىلمايدىكەنلەر. ...كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىر شاپىگەر تۆمۈرچى (قىلىچ سوققۇچى — ئا) بىر قىلىچ تەييارلاپ، تۆرەمگە كۆرۈنۈش بېرىپ، دۇئالىرىنى ئېلىپ بىر زىيارەت قىلىپ كەلسەم دېگەن نىيەت ۋە ئارزۇدا 17— 18 ياشلاردىكى تېپىلماس بىر ئوغلىنى ھەمراھ قىلىپ، تۆرەمنىڭ ھوزۇرىغا ئېلىپ كىرىپ، كۆرۈنۈش بېرىپ نەزەردىن ئۆتتۈپتۇلەر. بۇ چاغدا تۆرەم: «ئەي ئۇستا، قىلىچىڭىز كېسەمدۇ؟» دەپ سورىغاندا، ئۇستا: «بەك ياخشى كېسىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇلەر. تۆرەم: «ئەي ئوغۇل، ماڭا يېقىن كەل» دېگەن ئىكەنلەر، بۇ بالا يېقىن بېرىشى بىلەنلا قىلىچ بىلەن ئۇ بالىنىڭ گەدىنىگە ئۇرغانىكەن، بالىنىڭ بېشى سەكرەپ يەرگە چۈشۈپتۇلەر. تۆرەم: «كېسىدىكەن، ئۇستىغا تون ئېلىپ چىق» دەپ بىر چىت تون بېرىپ چىقىرىپتۇلەر. ئۇستا يىغلاپ - يىغلاپ بالىسىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىگە كېتىپتۇلەر...»

يىلاننى قانچىكى قىلساڭ تەربىيەت، پەس كىشىمۇ خۇددى يىلان مۇجەزدۇر،
بىر كۈنى زەھرىنى سالىدۇ ئەلبەت. يامان دىدارىدىن يىراق بول غايەت.

ئەبۇ ئابدۇللا روداكى

زالىم ۋەلىخان خوجىنىڭ تۆت ئايلىق قانلىق «ھاكىمىيىتى» جەريانىدا قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ كېسىلگەن باشلىرىدىن تىكلەنگەن كاللا مۇنارىلەر ئىچىدە روزى، ناماز، ئۆشرە- زاكات قازا قىلغان «گۇناھ» لىرى ئۈچۈن، «زىنايى ھارام»، «غەيۋەت»، «بىدئەت ئىشلار»، «گۇناھ»كارلىقى ۋە باشقا «ئىللەت» لەر سەۋەبلىرى بىلەن ئۆلۈمگە بۇيرۇلغان ئادەتتىكى كىشىلەرنىڭ باشلىرى، ئىنتايىن جىق نىسبەتنى تەشكىل قىلغان. «ئەشئار دۇرنات خازىكەنت خوجا پادىشاھ» دېگەن ئەسەردىن مەلۇم بولۇشىچە، ۋەلىخان خوجىنىڭ «ھۆكۈما» لىرى بىلەن «چوڭ پېشىۋا»لىرى 1857 - يىلى 6 - ئايدا (رامىزاننىڭ 30 - كۈنى يەنى ھېيت ھارپىسى كۈنى)، ئۇلۇغ رامىزان ئېيىدا «گۇناھ» قىلغان، مەسىلەن: رامىزان ئېيىدا زىنا قىلغان، بەڭ، تاماكا تارتقان، روزى، ناماز، ئۆشرە - زاكات «قازا قىلغان»، «پىرىنى ئۇنتۇغان»، «ئۇلۇغ»لارغا تىل تەككۈزگەن، نامەھرەم يۈرگەن...دېگەندەك «ئىللەتلەر» ئارتىلغان 900 ئادەتتىكى ئەھلى مۇسۇلماننى يەتتە جايدا ئۆلۈمگە بۇيرۇپ ئىجرا قىلغۇزۇپ، كاللا مۇنارىلەرنىڭ 4 - سىنى تىكلەپ، قەشقەر مۇسۇلمانلىرىنى چۆچۈتۈش بىشارىتى، تەھدىت دەبدەبىسى كۆرسەتكەن.

قانخور ۋەلىخان خوجا بىلەن ئۇنىڭ ياندىماچ ھەمراھلىرى ئۆزلىرىنىڭ قانلىق قوللىرىنى شۇ چاغلاردا قەشقەردىيە زېمىنىدىن يول ئېلىپ جۇڭگونىڭ ئىچكى جايلىرىغا سەپەر قىلىۋاتقان چەتئەل ئالىم - ساياھەتچىلىرىنى ئۆلتۈرۈشكىچە سوزۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ تارىختىكى خەلقئارالىق ئىناۋەت ئاساسىغا ئاپەت خاراكتېرلىك زىيانلارنىمۇ يەتكۈزۈپ كەلگەن. 1857- يىل 7 - ئاينىڭ 9 - كۈنى ۋەلىخان خوجىنىڭ بىۋاسىتە ھۆكۈمى بىلەن قەشقەر شەھىرىدە قىلىچ بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈلگەن گېرمانىيىلىك ئاكا - ئۇكا ئۈچ نېمىس ساياھەتچى ئالىمنىڭ ۋەقەلىكى بۇ پىكرىمىزنىڭ دەلىلىدۇر. بۇ ۋەقە 1947 - يىلى ئىلىدا نەشر قىلىنغان «كۆرەش» ژۇرنىلىنىڭ 8 - سانىدا مۇنداق خاتىرىلەنگەن: «...گومبولت ئوردېنىنىڭ ۋەكىلى ئالىم نېمىس ئادولفوس، شلاگىنتۇېت يېتەكچىلىك قىلغان ئۈچ ئاكا - ئۇكا ساياھەتچى نېمىس قەشقەر زېمىنىغا كەلگەندە قەشقەر ۋەلىخان تۆرىنىڭ قاتتىق ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىدى. بۇ چاغلاردا قەشقەرگە باسقۇنچىلار ھەر تەرەپتىن ھۇجۇم قىلىپ تۇراتتى. قەشقەرلىكلەردىن بىر قانچىسى بۇ ياۋروپالىق ساياھەتچىلەرنى باسقۇنچىلاردىن ئۆز يەرلىرىنى مۇداپىئە قىلىشتا پايدىسى

ئېگەر دېگەن ئۈمىد بىلەن تۇتۇپ، ۋەلىخان خوجا ئالدىغا ئېلىپ كېلىشتى. ۋەلىخان بۇ ساياھەتچىلەردىن قەشقەردىكى كىرىش توغرىسىدىكى گۇۋاھلىق خەتلىرىنى سورۇشتە قىلدى. بىز،— دېدى ساياھەتچىلەردىن گىمنتۇېت ئەدەب بىلەن، — بومبايدىن خاس خىتاي خانىغا مەنسۇپ مەخسۇس خەت بىلەن كېلىۋاتىمىز. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان يولىمىزدىن كىشىلەر بىزنى سىزگە ئەكەلدى،— دەپ جاۋاب بەردى. بۇ جاۋابتىن غەزەپلەنگەن ۋەلىخان خوجا خانلىق گېلەمىدىن سەكرىپ تۇرۇپ جاللات چاقىردى. ساياھەتچىلەر ئۆز ئۆمۈرلىرىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سەزدى-يۇ، ئەتراپقا تويۇنۇپ قاردۇېلىشتى. جاللاتلار ساياھەتچىلەرنى تار كوچىدىن ھەيدەپ يېڭى مەسچىت ئەمدانىغا (مەسچىت مەيدانىغا — ئا) ئېلىپ كېلىشتى. ئۇلار ئەمدانىدا كىشىلەر باشلىرىدىن ياسالغان يوغان باش دۆۋىلىرىنى كۆردى ھەم ئالتە شەھەر ھاۋاسىدا ئاداققى دەملىرىنى ئالدى. جاللاتلارنىڭ قىلىچلىرى كۆتۈرۈلدى، ساياھەتچىلەرنىڭ باش سۆڭەكلىرى، ياسالغان دۆۋىلەرنىڭ ئەڭ يۇقىرىسىغا قويۇلدى...»

**2. ۋەلىخان خوجىنىڭ «دىنىي مەۋقە» سى ۋە مۇسۇلمانچىلىق «خىسلەت» لىرى توغرىسىدا**

ۋەلىخان ۋە ۋەلىخان خوجا سوپىلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلار ئەقىدىچىلىرىدىن بولغان بەزى سوپى - زاھىد مۇئەللىپلەر يازمىش «ئىمناۋەتنامە» لەردە ۋەلىخان خوجىنىڭ ئۆز ئۆمرىدە مۇرىت - يارانلىرىغا «ئىسلام ئەقىدىلىرى» دىن «تەلىم بەرگەن» دە ھەردائىم: «تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج، جاھاد (جەڭ — ئا)، پىر، (ئىمام— ت)، «ساۋاب» نى مۇسۇلمانچىلىقنىڭ ھەممە ئەھكاملىرىدىن ئالاھىدە يۇقىرى قويۇشنى» تاپىلاپ - جېكىپ تۇرغانلىقىنى تەكىتلەشكەن. ھەتتا بۇ خىل مۇئەللىپلەر يەنىمۇ پاسىقلىشىپ (ئىسلام دىنى ئەقىدىۋىلىكىدىن خېلىلا چەتنەپ) قاندىقتۇر: «... بۇ زاتنىڭ مەۋجۇد مۇبارەك تۇرقى-ئاللاھنىڭ تىنىقى، ئاللاھنىڭ قولى، ئاللاھنىڭ يۈزى، ئاللاھنىڭ يېنى، ئاللاھنىڭ تىلى ۋە ئاللاھنىڭ دىلى بىلەن بىر ئىدى... بۇ زات مۇسۇلمانلاردىن گۇناھ - ساۋاب ھېسابىنى ئالغۇچى، جەننەت، دوزاققا ئايرىغۇچى، توغرا يول، توغرا نىيەت، توغرا ئەقىدە ۋە توغرا ھەقىقەت مۇئەككىلى ئىدى... بۇ چۈشەنچىدىن كەچكەنلەر «ئىسلام» دىن پاسىقلىرى»، «مۇرتەد» (دىندىن چىققان — ئا) «كاپىر» لار قاتارىدا ئۆلۈمگە ياكى مەڭگۈلۈك نەپرەت، سازايى رەسۋاچىلىق، خورلۇققا مەھكۇمدۇر...» («تەزكىرە پىر بايان» دىن) دېگەندەك ئويدۇرمىلارنى پەيدا قىلغانىدى. مانا بۇ خىل «دىنىي مەۋقە» ۋەلىخان خوجىنىڭ مەيلى «خانلىق»، ۋە مەيلى «پىرلىق»، «خوجىلىق» تارىخىدىكى دىنىي مەۋقەسىدۇر. بىزگە ئايانكى «قۇرئان كەرىم»دە ۋە باشقا دىنىي قىملىنامىلەرنىڭ ھېچبىر سەھىپىلىرىدە مۇسۇلمانلارغا «تاھارەت»، «جاھاد»، «پىر تۇتۇش»، «ساۋاب» دېگەندەك نەرسىلەر ياكى شەكىللەرنىڭ «پەرز» قىلىنغانلىقى كۆرسىتىلمىگەن. پەقەت روزا، ناماز، زاكات، ھەج، ئىماننىڭ پەرزلىكى مۇقىم ئېيتىلغان بولۇپ، بۇ خىل پەرزلەرنى ئورۇنداپ كېتەلمىگەنلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىش، مەڭگۈلۈك نەپرەت، سازايى رەسۋاچىلىق، خورلۇققا مەھكۇم قىلىۋېتىشمۇ زادىلا تەكىتلەنمىگەن. مەسىلەن، روزا تۇتۇش مەسىلىسى توغرىسىدا پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مۇسۇلمان ئۈممەتلىرىگە مۇنداق ۋەسىيەت قىلغان: «روزا تۇتقۇچىلار بەدنىيەتلىك قىلماسلىقى، پاك بولۇشى، ئېھتىياتچان بولۇشى، ناتوغرا ئىشلارنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشى لازىم. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىيلەن شۇنداق قىلغاندىلا، تۇتقان روزىسى ئاندىن قوبۇل بولىدۇ...» («جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى 1985 - يىل 4 - سان 27 - بەت).

ۋەلىخان خوجا ئۆزىنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي مەۋقە» سىنى چىقىش قىلىپ، ئىسلام

دىنىنىڭ پەرزلىرى تەركىبىگە ئۆزىنىڭ «تاھارەت»، «جاھادە»، «پىر تۇتۇش»، «ساۋاب تېپىش»-لىرىنى سىغداپ ئارىلاشتۇرۇپ، «پەرز» قىلىپ بېكىتىپ، مۇشۇ خىل «ئاساسىي» بىلەن ھەر خىل «دىنىي پەتىۋا»، «دىنىي تەدبىر» لەرنى ئىسلام نامىدىن ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا باشلىغان. ئۆزىنى «ئاللاھ بىلەن بىرگە»، «پۈتۈن بېرىش، دوزاقلارغا مۇئەككىل دىنىي ئادالەت ھامىيسى ھېسابلاپ، توغرا ئەنئەنىۋى ئىسلام شەرىئىتىنى، ئىسلام ھەقىقىتىنى ۋە ئىسلام يولىنى خالىغانچە ئۆزگەرتكەن، بۇزغان، ئاياغ - ئاستى قىلىغان. تاھارەت، روزا، ناماز، زاكات، جاھاد، ھەج، پىر تۇتۇش، ئىبادەت، ساۋاب تېپىش... مەجبۇرىيەتلىرىنى ئادا قىلمىغان ياكى «دىنىي پەرزلەرنى» ئادا قىلمىغان دېگەندەك «سەۋەب»، «باھانىلەر» بىلەن ئەنە شۇ چاغلاردا قەشقەردە ئۆلتۈرۈلگەن مۇسۇلمانلارنىڭ باشلىرىدىن تىكلەنگەن تۆت كاللا مۇنارىنىڭ قەۋەت - قاتلاملىرىدىن تامچىپ تۇرغان مۇسۇلمان قانلىرى ئەنە شۇ «ئەۋلىيا زات»، «ئۇلۇغ پىر»لارنىڭ يۇقىرىقىدەك «دىنىي مەۋقە» لىرىدىن تۆكۈلگەن ھېسابسىز قانلارنىڭ بىر قىسمىدۇر. تارىختا مۇشۇنداق «ئۇلۇغ پىر»لارغا ئەگەشكەن، ھەتتا ھېلىھەم ئۇلارنى قارىغۇلارچە ياد ئېتىپ، يوللىرىنى تۇتۇپ بەندىچىلىك قىلغان، قىلىۋاتقان نادان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنى بىز مۇشۇنداق «ئۇلۇغ پىر» لاردىن ھېلىھەم پەخەس بولۇشقا، پۈتۈنلەي قول ئۈزۈشكە، پاك، توغرا مۇسۇلمانچىلىق يولى بىلەن يۈرۈشكە يەنە بىر قېتىم دەۋەت قىلىمىز.

ۋەلىخان خوجا ۋە شۇ خىل خوجىلارنىڭ «زامانى» ۋە ئۇلارنىڭ مۇسۇلمانچىلىق خىسلەتلىرى توغرىسىدا تارىخچى ئۇستاز موللا مۇسا بىننى موللا ئەيسا سايرامىنىڭ يازغان مۇنۇ تەرىپىنى جامائەتچىلىكىمىز سەمىگە تەقدىم قىلىمىز: «...ئۆزىنى مۇسۇلمان شەكلىگە كىرگۈزۈپ، خالايىقنى ئازغۇنلۇق، زالالەت ۋە جاھالەتكە باشلايدىغان جاھىل، نادان، ئىپلاس سوپىلار ناھايىتى كۆپەيدى، ئەگەر ئىسلامى شېرىئىتنىڭ قەتئىي ھۆكۈملىرىنى ئىنكار قىلغۇچىلار بار دەيدىغان بولساق بۇ ئادەملەر پەقەت جاھىل سوپى ۋە ئالدامچى ماشايىقلارنىڭ دەل ئۆزىدۇر. ئەي خۇداۋەندە كېرىم! مۇسۇلمانلارنىڭ ئىمانىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئىش - ئەمەللىرىنى بۇ خىل ئالدامچى ماشايىق ۋە سوپىلارنىڭ يامانلىقىدىن ساقلاپ ئامان قىلغايسەن...»

ۋەلىخان خوجىنىڭ ۋە ئۇنىڭ يېتەكچى «پىر» لىرىنىڭ مۇسۇلمانچىلىق «خىسلەتلىرى» توغرىسىدىمۇ «تارىخىي ھەمىدىيە» نىڭ 156 - بېتىدە مۇنداق بىر تارىخىي مىسال خاتىرىلەنگەن: «كۈنلەرنىڭ بىرىدە سەھرالىق بىر قېرى مەزلۇم نان - توقاچ، قېتىق، قايماقلارنى ئېلىپ خوجامنىڭ ئوردىسىغا كىرىپتۇ. ياساۋۇل بېشى: ‹ئەي ئانا نېمە ئەرزىڭىز بار؟› دەپ سورىغاندا، ئۇ موماي: ‹خوجامدىن ئىمان تىلەپ كەلدىم. ئۇنىڭدىن باشقا ئەرزىم يوق› دەپتۇ. ياساۋۇل بېشى: ‹ئەنجاندىن ئېلىپ كەلگەن ئىمانلىرىمىزنى تامامەن ئادەملەرگە ئىنئام قىلىپ بەردۇق، ھالبۇكى، خوجامدا ياكى بىزدە ئىمان قالمىدى. ئەنجاندىن ئىمان ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن نەچچە ئات چىقاردۇق. ئىمان كەلگەندەمەن خەۋەر قىلاي شۇ چاغدا كېلىپ ئىماننى ئېلىپ كېتىڭ› دەپ ئۆز زامانىغا لايىق ۋە ئاقىللارچە ئاجايىپ ياخشى جاۋاب بېرىپتۇ...»

ئىمانسىزدىن ئىمان سورىما،

ۋىجدانسىزدىن ۋىجدان.

ئۇيغۇر خەلق ماقاللىرىدىن

## جاھالەت كۈچلىرىنىڭ كېيىنكى چاغلاردىكى قىسمەت ۋە ھەرىكەتلىرى توغرىسىدا

ۋەلىخان خوجا «ھاكىمىيىتى» يىمىرىلگەندىن كېيىن، مەنچىڭ خانلىقىنىڭ قەشقەرىيىنى، جۇملىدىن پۈتۈن شىنجاڭنى ئىگىلىگەن ھۆكۈمران كۈچلىرى خېلى بىر مەزگىل قەشقەرىيىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا خوجا-ئىشانلارنى سۈرۈشتۈرۈش، جىمىقتۇرۇش، تەقىبلەش ھەرىكىتىنى قانات يايدۇرۇپ، ئەينى چاغلاردا ۋەلىخان خوجىغا ۋە باشقا خوجىلارغا ئەگىشىپ ئۆز ھاكىمىيە-تىگە قارشى يول تۇتقان ھەتتا كېيىنكى چاغلاردا يەنىلا يول تۇتۇش ئېھتىمالى بولغان «پەيلى يامان»، «نەسلى ئىسيانچى» بىر قىسىم چوڭ، ئوتتۇرا خوجا-ئىشانلار يېتەكچىلىرىنى تۇتقۇن قىلغان، تەقىبلىگەن، جازالىغان ۋە ئۆلتۈرگەن. شۇنداق قىلىپ خوجا-ئىشان كۈچلىرىنىڭ شىن-جاڭدا قايتىدىن سىياسىي، ھەربىي ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشىنى قاتتىق مەنئى قىلغان، چەكلى-گەن. شىنجاڭغا چەتتىن كېلىدىغان خوجا-ئىشانلارنى كەلتۈرمەيدىغان بولغان. يەنە بىر قىسىم «ياۋاش» خوجا، ئىشانلارنى بولسا ئۆزلىرىگە تارتىپ «ئەل» قىلىپ، ئەتىۋارلاپخانلىق ئۈچۈن جان پىدا قىلىپ خىزمەت كۆرسىتىدىغان ساداقەتمەن كىشىلەرگە ئايلاندۇرۇۋالغان. يەنى خوجا بىلەن خوجىنى، ئىشان بىلەن ئىشاننى، «پىر» بىلەن «پىر» نى، «مۇرىت» بىلەن «مۇرىت» نى يەنىلا «دىندار»لار بىلەن پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى تۇتۇپ، باغلاپ، ئۆزلىرىگە مۇسۇلمانلاردىن، ئاتالمىش «دىن» چىلەردىن كېلىدىغان بارلىق خەۋپ-خەتەرنىڭ ئالدىنى ئېلىپ تۇرغان.

19-ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمى ئىچىدە قەشقەرىيىنى بىر مەزگىل ئىشغال قىلىپ ئىدارە قىلغان ياقۇب بەگ كۈچلىرىمۇ قەشقەرىيىدە يەنىلا خۇددى مانجۇ كۈچلىرىگە ئوخشاشلا يول تۇتۇپ، ئۆزلىرى ئۈچۈن خەۋپلىك، «ۋاپاسىز» دەپ ھېس قىلىشقان بىر قىسىم «ئۇلۇغ» خوجا-ئىشانلارنى يوقىتىش سىياسىتىنى قوللىنىپ، ئىجرا قىلىپ تۇرغان. 1868-يىلى ئىراق تەرەپتىن قەشقەرگە كېلىپ ئۆزلىرىنى «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» ① ئېلان قىلىپ قەشقەرىيىنىڭ دىنىي ئىشلىرىنى قولغا ئېلىش ھەرىكىتىگە تەرەددۇتلەنگەن چوڭ سوپى-پىرزادىلەردىن شېيخ مۇھەممەت بىلەن شېيخ ئەھمەتلەرمۇ ياقۇپ بەگ كۈچلىرى تەرىپىدىن: «شەرىئەت ۋە مىللەت-نىڭ توغرا ۋە پاك ھۆكۈم، يوللىرى» بىلەن قەشقەردە چالا-كېسەك قىلىپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ياقۇب بەگنىڭ قەشقەرىيىنى بېسىۋېلىشتا «باشلىقى»، «تۆرىسى» بولۇپ بەرگەن بۇزرۇكخان (ئاپپاق خوجىنىڭ كۆكۈن نەۋرىلىرىدىن بىرى- ئا) خوجىمۇ رولىنى ئويناپ بولغاندىن كېيىن ياقۇپ بەگ كۈچلىرى تەرىپىدىن قەشقەرىيىدىن قوغلىۋېتىلگەن. مەشھۇر سىياسەتچى،

---

① «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان»— ئەئەممە ئىمامىيە (12 ئىمام) لەرنىڭ ئاخىرقىسى بولۇپ، ئەسلى ئىسمى ئوبۇلقاسىم مۇھەممەت بىننى ھەسەن ئەسكىرى. ئۇ مىلادى 875-يىلى باغدادتا تۇغۇلغان. بىر رىۋايەتتە دادىسى ئىمامى ئەسكىرى ۋاپات بولۇپ 4-يىلى يەنى مىلادى 878-يىلى، يەنە بىر رىۋايەتتە مىلادى 892-يىلى ئۇشتۇمتۇت غايىب بولغان دېيىلىدۇ. شۇڭا بۇ كىشى خوجا-ئىشانلار تەرىپىدىن «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» (ئاخىرقى زاماننى قۇتقۇزغۇچى- ئا) دەپ ئاتالغان. ئۇلارنىڭ قارىشىچە ئۇ قانداقتۇر بىر زامان «مەھدى» سۈپىتىدە پەيدا بولۇپ، «دۇنيادىكى يامانلىقنى تۈگىتىپ»، «ئادىللىقنى ئورنىتىپ»، «تىنچ ۋە پاراۋان دۇنيا» قۇرارمىش. شۇڭا ئۇ «مەھدى ئاخىر زامان» دەپ ئاتالغانمىش. سوپى-ئىشانلار بۇ رىۋايەتنى «ئاللاھ تەرىپىدىن نازىل قىلىنغان» شەك-شۈبھىسىز «راست» لىق دېيىشىپ ھەم بۇ غايىب «كۈچ» نى دائىم ئەسلەپ، مۇسۇلمانلارغا ئەسلىتىپ، كەلگۈسى «نىجادكار» نىڭ روھى، «كارامەت» لىرىگە تېۋىنىدۇرۇپ كەلگەن ۋە كەلمەكتە— ئاپتور.

ھەربىي ئۇستاد خوجا كاتتاخان تۆرىمۇ زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. ئاقسۇ، كۇچا، خوتەن، يەكەنلەرنىڭ «خان» خوجىلىرىمۇ ئۇستادلىق بىلەن بىر-بىرلەپ يېپىقتۇرۇۋېتىلگەن. شۇنداقلا ياقۇپ بەگ كۈچلىرى يەنە زور بىر تۈركۈم خوجا-ئىشان، سوپى «ئۇلۇغ» لارنى ئۆز «ئىلتىپات» لىرىغا ئەل قىلىپ «ئىشىنىپ ئىشلىتىپ» (مۇسۇلمان يۇرت، مەھەللە كويلىرىغا «خوجا بەگ»، «خوجا ئاقساقال»، «خوجا ئامان» ۋە «خوجا پاششاپ»، «خوجا مىرشاب» يېتەكچىلەردىن قىلىپ تەيىنلەپ) يەنىلا «پىر» نىڭ قولى بىلەن «مۇرىت» نى تۇتۇش، خوجىنىڭ قولى بىلەن يۇرتنى ئىدارە قىلىش ئارقىلىق ھۆكۈمرانلىق سەنئىتىنى جارى قىلدۇرۇپ تۇرغان.

بۇ- 16- ئەسىردىن 19-ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىغىچە بولغان تارىخىي زامانلار ئىچىدە شىنجاڭدا سوپىزم ئېقىمىغا، خوجا-ئىشان كۈچلىرىگە («ئۇلۇغ چوڭ پىر»، «ۋەلى»-ئەۋلىيالارگە) تۇنجى قېتىم تەگكەن سىياسىي زەربە، قاتتىق ئىجتىمائىي دەككە ۋە تازا قاتتىق تېگىش-چېقىلىش بولۇپ ھېسابلىناتتى. بۇ چاغلار تەبىئىيكى شىنجاڭدىكى جاھالەت ئېقىمى— «مۇقەددەس» سوپىزم ئېقىمىنىڭ ھەم ئۇنىڭ «دەخلىسىز، ئۇلۇغ» يېتەكچىلىرى بىلەن پىداكار قەۋم-سەپداشلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى «دەخلىسىز ئىمناۋەت» لىرىدىن ئايرىلىپ، شەرمەندە، شۇم پېئىل-ئېتىبارلىرى بىلەن ئاشكارىلىنىپ «ئىززەت-نەپسى»، «ھۆرمەت دەبدەبىلىرى» دىن چۈشۈپ، ئەل نەزەرىدىن قېلىپ، ئەجدادلىرىمىز ئارىسىدا بىچارىلەشكەن، ئوساللاشقان چاغلىرى ئىدى. شۇنداقلا بۇ-ئەجدادلىرىمىز دىنىي،روھىي، ئىدىيە، جىسمانىي، ئىرىكچىلىك جەھەتتە بىر مەزگىل ۋەھىمىلىك ۋەز-تەشەببۇس، بېسىم-ئىختىيارسىزلىق كىشەنلىرىدىن ئارامىلانغان، يەڭگىللەنگەن چاغلار ئىدى.

لېكىن سوپىزم كۈچلىرىنىڭ بۇ قىسمىتى ھامان ئۇزاق داۋام قىلمىغان. شۇ زامانلارنىڭ ھۆكۈمرانلىرى يەنىلا بۇ «مۇقەددەس ئەقىدە» نى ۋە ئۇنىڭ يېڭىدىن يېڭى «پىر يېتەكچى» كۈچلىرىنى قايتىدىن ئوتتۇرىغا چىقىرىشىپ، ئۆز مەقسەتلىرى يولىدا تېپىلماس قورال سۈپىتىدە ئۈنۈملۈك پايدىلىنىشقا باشلىغان. يەنى زامان ھۆكۈمرانلىرىغا نىسبەتەن يېتەكلەش رولىدىن يېتەكلىنىش، بويسۇندۇرۇش رولىدىن بويسۇنۇش مەۋقەلىرىگە چۈشۈپ، زالىم كۈچلەرنىڭ بۇيرۇق، قوماندانلىقلىرى ئاستىدا زامانغا بېقىپ قايتىدىن قەد كۆتۈرگەن بۇ بىر بۆلۈم يېڭى خوجا - ئىشان «پىر» زادىلار قەشقەرىيە زېمىنىدا قايتىدىن يامراشقا، دەۋران سۈرۈشكە باشلىغان. يېڭىچە ئۇسۇل، يېڭىچە نام، يېڭىچە شەكىل بىلەن مەيدانغا چىقىشقان بۇ «دىنىي كۈچ» لەر (يۇقىرىغا قاتتىق بېقىنىپ، تۆۋەننى قاتتىق بېقىندۇرۇپ تۇرىدىغان بۇ يېڭى ياللانما كۈچلەر) خۇددى 19 - ئەسىردە ياشاپ ئىجاد قىلغان ئۇيغۇر تارىخچىسى، مەشھۇر دىنىي ئۆلىما موللا مۇسا سايرامى تەسۋىرلىگەندەك: «بىر - بىرىگە ھەسەت، ئاداۋەت قىلىشىپ، بىرى بىر ئىشانغا ئىتائەت ۋە ئىنابەت قىلىپ، يەنە بىرسىگە ئىنكار ۋە ئاداۋەت كۆرسىتىپ، ئۆزلىرىنى ھالاكەت، زالالەتكە سېلىپ، ئىتتىپاقسىزلىق ئۇرۇقلىرىنى چېچىپ، بۇنداق ئەقىدە ۋە نالايىق ئىشلارنى ئۆزلىرىگە لايىق ۋە مۇناسىپ كۆرۈپ، بۇ ئىشلارنىڭ يامان - شۇملۇقىنى، مۇسۇلمان ئەھلىگە مەنسۇپ ئەمەسلىكىنى ھېس قىلماي - ئەسلىمەي ئۆز نەپسى - ھالاۋەتلىرى ئۈچۈن توغرا، ھەق دىنىي ئەقىدىلەردىن چەتنەپ، مۇسۇلمانلارنى خار - زار قىلىشنى نىيەت قىلىپ تۇرۇشىدىغان تەرسا، ۋاپاسىز، مەككار، ئەسەبىي ياللانما خوجا - ئىشان تۈركۈملىرىدىن ئىبارەت ئىدى». ئۇلار يېڭى يېتەكچىلىرىنىڭ مۇددىئا، تەلەپ— تاپشۇرۇقلىرى بويىچە قەشقەرىيە مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا سوپىزم مۇجادىلەلىرىنى (سۈركىلىشلىرىنى - ئا) قايتىدىن راسا ئەۋج ئالدۇرۇپ، بۆلگۈنچىلىك، تەپرىقىچىلىك ئۇرۇقلىرىنى بولۇق چېچىپ «دىنىي»، ئىجتىمائىي زىددى-

يەت، رىقابەتلەرنى كەسكىنلەشتۈرۈپ، ئاتالمىش «خان ئامانلىقى»، «يۇرت ئامانلىقى» ۋەزىيەتلىرىگە پايدا يەتكۈزۈشۈپ تۇرۇشقا باشلىغان. مەسىلەن 19- ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدىن 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىغىچە قەشقەردىكى تەۋەلىرىدە كۆتۈرۈلگەن «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» لار سۈركىلىشلىرى، «لىك»، «لىق» چىلىق ئىللەتلىرىنىڭ ئۇلغايتىلىپ، پالانى يەرلىك، پالانى جايلىقلارنىڭ بىر-بىرىگە زىدى، تەنە، ھېس، تۇيغۇ، خىيالار بىلەن خىرىسلىشىدىغان، قوۋلاشماي «جاھان تۇتۇش سۇخەنچىلىكىدە» بولۇشىدىغان «ئەل كەيپىياتى»، «خەلق مىجەزلىرى» يېتىشتۈرۈلگەن ۋە «پىرغا قول بېرىش»، «پىر» تۇتۇش، «ئاخىرەتلىكنى كۆزلەش»، «تەقدىرگە تەن بېرىش»، «خانغا ئامانلىق تىلەش»، «جاھانغا ئامانلىق بېرىش»، «پىر»، «ئۇلۇغ» لارغا ئاسايىشلىق تىلەش تەرغىباتلىرى ئەۋج ئالدۇرۇلغان. بەزى تارىخىي خاتىرىلەردە كۆرسىتىلىشىچە، مۇشۇ ئەسىرنىڭ ئەڭ دەسلەپكى 10 - يىللىرىغىچە يەرلىك خوجا - ئىشانلارنىڭ قۇتراتقۇلۇقى، باشلامچىلىقى ئاستىدا قەشقەرلىك «ئاق تاغلىق» لار بىلەن يەكەنلىك «قارا تاغلىق» لار، مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار، يەكەن ئېلىشقۇلۇق سوپىلار بىلەن بازارلىق سوپىلار، يەكەن قوشراپلىق «پىر» لار بىلەن قاغىلىق چوپانلىق «مۇرىت» لار ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن قەبىھ «مەزھەب» جېدەللىرى كېلىپ چىقىپ، نۇرغۇن «مۇرىت»، «پىر» لار جانلىرىدىن ئايرىلغان، ئۆمرى زەخىمدارلىققا گىرىپتار بولۇشقان. قاراقاش زاۋىلىق خوجىلارنىڭ «تەزكىرە» نامىلىق قول يازمىسىدا كۆرسىتىلىشىچە: 1898 - يىلدىن 1908 - يىلغىچە بولغان ئون يىلدا مەكىتلىك سوپىلار بىلەن قاغىلىقلىق سوپىلار ھەر قايسىلىرى ئۆز «پىر» لىرىغا يان بېسىپ مەكىتنىڭ «قوم قوسار» دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم، قاغىلىقنىڭ «لالىلار» دېگەن يېرىدە تۆت قېتىم چوڭ «غازات» ئېچىپ (سوقۇشۇپ) سەككىز قېتىمدا ئىككى تەرەپتىن جەمئىي 20 ئادەم قازا تاپقان. قاغىلىقلىق سوپىلار «ئۆچ ئېلىش» ھېسابىدىن قاغىلىق زېمىنىدىن مەكىت زېمىنىغە سۇ بارىدىغان تىزناپ ئېقىنىنى بىر قانچە قېتىم بوغۇپ تاشلاپ، مەكىت خەلقلىرىگە ئېغىر زىيانلارنى كەلتۈرگەن. بىز شۇ چاغلاردىكى خوجا - ئىشانلارنىڭ يۇقىرىقىدەك قىلمىشلىرىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى: ئۇلار — تارىختا خەلقىمىز ۋە مىللىتىمىز ئارىسىغا ئىچكى تەپرىقىچىلىك، بۆلگۈنچۈلۈك، زىدلىشىش، بىر-بىرىنىڭ ئەدىبىنى بىرى بېرىپ ئۆتۈشتەك ئەڭ قەبىھ پارچىلىنىش-تېگى-تەكتىدىن ئالغاندا يوقىلىشقا يۈزلىنىش ئۇرۇقىنى چاچقان، تېرىغان مەرەز كۈچلەرنىڭ دەل ئۆزى ئىدۇر. بىز ئۇلارنى تەكرار ئەسلىگەنلىرىمىزدە تۆۋەندىكى ئەدەبىي مىسرالارنى ئىختىيارسىز سېغىنىمىز:

ئۆزىنى دانا بىلگەن ئۇ ئۈچ - تۆت نادان،
ئىشەك تەبىئىتىنى قىلار نامايان.
بۇلار سۆھبىتىدە سەنمۇ ئىشەك بول،
بولمىسا «كاپىر» دەپ قىلىشار ئېلان.

ئۆمەر ھەييام

نادانلىق دۇنيادا ئەڭ زور پادىشاھ،
جاھىلنى ئاجرىتىپ بولماس نادانىدىن.
شۇنداق، ئۇ بەيىد، نىجاد ئەسلا كۆرۈنمەس،
نە خوجايىنلاردىن ۋە نە خۇدادىن.

ئۇبەيد زاكۇنى

شۇنداقلا بۇ خىل زەبۇنچىلىق ۋە نەسلىك تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا شۇ زامان جەمئىيىتىمىزنىڭ ئىنتايىن قەبىھ ئىچكى ئىللىتى، مىللىتىمىز ۋە خەلقىمىزنىڭ ئەقلىي مەغلۇبىيىتى ۋە خەلقىمىز تەقدىرىنىڭ قاراڭغۇ ئىسكەنجىسى ھېسابلىناتتى ئەلۋەتتە. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، شۇ زامان ھۆكۈمرانلىرى بۇ خىل ھالەتنى «خان ئامانلىقى»، «جاھان ئامانلىقى» ئۈچۈن خەۋپلىك «ئىللەت»، چېكىدىن ئاشقان سىرلىق بىشارەت دەپمۇ بىلەتتى. شۇڭا شىنجاڭنىڭ شۇچاغ-

لاردىكى باش ھۆكۈمرانى ياڭ زېڭشىن بۇ خىل ھادىسىلەرگە قارىتا: «يەرلىك ئەمەلدارلار دىنىي ئىشلارغا مەمۇرىي سالاھىيىتى بىلەن ئارىلاشماسلىقى زۆرۈر، ئەمما جەمئىيەت تەرتىپىنى ساقلاش يۈزىسىدىن بەزى جېدەل - ماجىرالارنى ياراشتۇرۇش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۆتىمەي بولمايدۇ ......»، «ئۇلار خانىقا سېلىپ يىغىلىپ، دۇئا - تالاۋەت قىلىش نامى بىلەن نادان خەلقنى ئازدۇرۇپ سەدىقە يىغىۋالىدۇ ..... كۈندۈزى تارقاپ، كېچىسى يىغىلىپ نۇرغۇن كىشىلەرنى قىزدىقتۇرۇپ... ناماز ئوقۇش، دۇئا - تالاۋەت قىلىش ئورنىغا ... ئىماماغا چۈشىدۇ. بۇلارنىڭ (ئىشان - پىرلارنىڭ) پائالىيىتى شەكلىمۇ سىرلىق، ئۇنىڭدىن ئەكسىيەتچىلەر ئاسانلا پايدىلىنىپ كېتىدۇ، چاتاق تېرىيدۇ.....» ① دەپ جايلارغا يوليورۇق - ئۇقتۇرۇشلارنى چۈشۈرگەن ۋە تارقاتقان. دېمەك ياڭزېڭشىنمۇ بۇ چاغلاردا شىنجاڭ خەلقىنى ئىدارە قىلىشتا: يەنىلا خەلقنى ئىچكى پۇقرادارچىلىقتا، ئېتىقادتا ئۆز مەيلىگە قويۇۋېتىش، نادانلىقتا، تارقاقلىقتا، ئۆز ئارا زىدلىشىپ تۇرۇش ئىسكەنجىسىدە تۇتۇپ تۇرۇش سىياسىتىنى قوللىنىپ، شىنجاڭنى جېدەل - ماجىرا چىقمايدىغان، «توغرى - قاراقچىلىرى» يوق، پاراكەندىچىلىك يۈز بەرمەيدىغان تىپتىنچ جەمئىيەتكە، ياۋاش ئىنسانلار ماكانىغا ئايلاندۇرۇش يولىنى تۇتۇپ، شۇنداقلا خوجا-ئىشانلارنىمۇ دىققەت-ئېتىباردىن پەقەت چىقارماي ئىش كۆرۈپ تۇرغانىدى. مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىن ئېتىبارەن بىزنىڭ خەلقىمىز بۇ پېشكەل - ساختا «دىنىي ئەقىدە» نىڭ ۋە ئۇنىڭ نامى بىلەن «جاھان تۇتقۇچى»، «پىر»، «خوجام»لارنىڭ ساقتا، يالغان نىقاب - ماھىيەتلىرىنى، تارىختا ئوينىغان سەلبىي روللىرى، جىنايەتلىرى ۋە قىلمىشلىرىنىڭ ئومۇمىي خۇسۇسىيەتلىرىنى چۈشىنىشكە ۋە بۇ خىل «ئەقىدە»نى ئۆز ئىخلاس - ئېتىبارلىرىدىن چىقىرىپ تاشلاشتەك تارىخىي ئويغىنىش دەۋرىگە قاراپ بۇرۇلۇشقا باشلىغان. 1930- يىللاردا قەشقەر، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، يەكەن، خوتەن خەلقلىرى بىلەن بۇ جايلاردىكى دىنىي ئۆلىمالار ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىي ئەھكاملىرىنى جارى قىلدۇرۇش، ئىسلام ئەقىدىلىرى نامى بىلەن پەيدا قىلىنغان غەيرىي «دىنىي قىلمىق»، «دىنىي يول - ئادەت»لەرنى چەكلەش، ئىسلامنى قوغداش تەشەببۇسلىرى بىلەن جامائەت ھەرىكىتى قوزغاپ، شىنجاڭدا يەنە يېڭىدىن دىن تارقاتماقچى بولغان چەت ئەللىك مىسيونېرلارنى، ئىسلام دىنى نامى بىلەن ئۆز غەرەز - مەقسەتلىرى ئۈچۈن ھەرىكەت قىلغۇچى ئىسلام دىنىي دۈشمەنلىرى — خوجا - ئىشان، «ۋەلى»، «پىر»لارنى توسقان، يەكلىگەن ۋە ھەرىكەتلىرىدىن چەكلىگەن. ھەتتا بىر قىسىم جايلاردا بۇ خىل كىشىلەرگە قارشى پۈتۈن جەمئىيەت بويىچە (ھاكىمىيەتتىن پۇقراغىچە، تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە) دەككە بېرىش ھەرىكىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. 1931 - 1932 - يىللىرى ئۆزىنى ھازىرقى زامان ئەۋلىياسى دەپ ئېلان قىلىپ يەكەندە پەيدا بولغان «مەككە خوجا»، قاغىلىق تاغلىرىغا بېكىنىپ «ئىمام مەھدى ئاخىر زامان» بولۇۋالغان «ئاتەش خوجا»لار خەلق تەرىپىدىن كەلگەن يەرلىرىگە ھەيدىۋېتىلگەن. قەشقەر، ئاتۇش، ئۇچتۇرپان، يەكەن قاتارلىق جايلاردا شۋېت مىسيونېرلىرىنىڭ «مۇناسىۋەتداشلىرى» بولۇۋالغان بەزى خوجا - ئىشانلارنىڭ بىر قىسمىغا قاتتىق دەككە بېرىلگەن. يەكەن، قاغىلىقلاردا ھىندى، ئافغان، كەشمىرلىك بالتىلارنىڭ كەتمەنلىرىنى چېپىپ - ھەمكارلىشىپ يەرلىك خەلقنىڭ نورمال - ئادەتتىكى دىنىي يوسۇنلىرى، دىنىي چۈشەنچە ۋە دىنىي ھەرىكەتلىرىگە «يېڭىلىق» كىرگۈزۈش، چەت ئەللىك ساھىبلارنى «پىر» تۇتۇشقا ئۈندەش ھەرد-

① «شىنجاڭ داشۆ ئىلمىي ژورنىلى» 1986 - يىل 3 - سان 92 — 93 - بەتلەر

كەتلىرىدە بولۇشقان راپىزە ئىشانلار تووۋا قىلدۇرۇلغان، قاتتىق يەكلەنگەن. ئۆزىنى ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ 36- نەۋرىسى دەپ ئېلان قىلىپ پۈتۈن قاغىلىق، پوسكاملىنى بېشىغا كىيىپ، مىڭلاپ مۇرىت، سوپى، ھاپىز، خەلپە قوبۇل قىلىپ، ئەگەشتۈرۈپ جاھاننى قايتا سوپىلاشتۇرماقچى بولۇپ مەيدانغا چىققان سىياسىي «دىندار» شەخس سابىرخان خوجىمۇ 1930 - يىللارنىڭ باشلىرىدا قاغىلىقتا يەرگە تىرىك كۆمۈپ ئۆلتۈرۈۋېتىلگەن. پۈتۈن شىنجاڭدا سوپى - ئىشانلارغا، سوپى - ئىشانلىققا قارشى دىنىي، ئىجتىمائىي تەشۋىقاتلار قانات يايدۇرۇلغان. نەتىجىدە شىنجاڭدا خوجا - ئىشان، سوپى، «پىر»، مۇرىت شەخسلىرىنىڭ ھەممىسى بىر مەزگىل ئەلدىن يىراق، يۇرتتىن سىرت، پىنھان جاي، چەت، بۇلۇڭ - پۇشقاقلاردا «خۇدا بەرگەننى يەپ» «دىيانەتنى بۇزۇلغان»لاردىن خەۋپسىرەپ، چۆچۈپ كۈن ئالىدىغان پەقىر - «مىسكىن»، «بىچارە»لەردىن بولۇپ كېتىشكەن.

پەرىشتە ئولتۇرسا دىۋە بىلەن گەر، يامانىدىن ياخشىلىق ئۆگىنىپ بولماس،
ئۆگىنەر ۋەھشىلىك، نەپرەت خىيانەت. بۆرە جۇۋۇدچىلىقنى قىلامدۇ ئادەت؟

سەئىدى شىرازى

جاھالەت كۆچلىرى — ئەزەلدىن ئۆزلىرىنىڭ تارىخىي مەغلۇبىيەتلىرىگە تەن بەرمەي (ئۆزلىرى، تۇتقان يوللىرىنىڭ زاۋال - جاھالەت يولى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلمىشاي) خەلقنى ئالداش، خورلۇققا، زۇلۇمغا گىرىپتار قىلىش، دۇنياۋى مەئىشەت، بايلىق، ئابروي، ئىناۋەت ئۈچۈن ھەر قانداق ئىپلاسلىقلارنى قىلىشتىن يانماسلىقتەك ئەسەبىلىك ۋەقەلىرىنى «خۇدالىق ئۈچۈن» ياكى «مۇسۇلمان»لىق پەزىلەت ھېسابىدا ئۆزلۈكىدىن ئۆزگەرتكەن، تاشلىۋەتكەن ئەمەس. خوجا - ئىشانلارنىڭ كېيىنكى چاغلاردىمۇ ھەر خىل زامان، ھەر خىل شارائىت ۋە ھەر خىل پەيت - پۇرسەتلەردە ھەر خىل يوشۇرۇن شەكىل، چارە - ئاماللار بىلەن ئۇ يەر - بۇ يەردىن باش كۆتۈرۈپ چىقىپ خەلقىمىزگە زىيانكەشلىك قىلىپ تۇرغان ۋە تۇرۇشماقتا. مەسىلەن 1946 - يىلى بەزى خوجا - ئىشانلار كۆچلىرى تەرىپىدىن قاغىلىقتا پەيدا قىلىنغان «تاغلىق ئوغرىلار» (گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىگە قارشى قوزغالغان قوراللىق تاغ ئىنقىلابى — ئا) غا قارشى تۇرۇش «خەلق ھەرىكىتى ۋەقەلىكى»دىكى ۋەتەنپەرۋەر دىنىي ئۆلىما مەرھۇم شەھىد خەلق قۇربانى راشىددىن مۇپتاجى ئۆلۈمى، 1940 - يىللاردىن 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىغىچە چەرچەن، نىيە، چارقىلىق ناھىيىلىرىنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا ئەندىرىنى مەركەز قىلغان ئەۋلادى قاچقۇن ئىشان — «قۇشقاچ ھەزرەت» پاراكەندىچىلىكى، 1950 - يىللارنىڭ باشلىرىدا، بەزى جايلاردا خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان ھەر خىل شەكىلدىكى ئەكسىلئىنقىلابىي ۋەقەلەر، ھادىسىلەر ۋە تارىختىن بېرى بىزنىڭ مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، زامانىۋىلىشىش، خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇش، ئۇيۇشتۇرۇش... ساھەلىرىدىكى بارلىق ھەرىكەتلىرىمىزگە خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن قىلىنىپ كەلگەن زىيانكەشلىكلەرنىڭ مىسالى خاتىرىلىرى بۇ پىكىرلىرىمىزنىڭ مەۋجۇد دەلىللىرىدۇر.

## خوجا - ئىشان «پىر»لارنىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى جاھالەتچىلىك قىلمىشلىرى توغرىسىدا

• بىلىشىمىزچە، شىنجاڭ بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا ھازىر يەنىلا سوپىزم كۈچلىرى («خوجام»، «ئىشانىم»، «سوپۇم»، «پىرىم»، «بۇۋىم»، «ئاشىق»، «مۇرىت» ۋە باشقا «دىن» تونىغا يۆگىنىپ يۈرگەن تېجىمەل نوقانچىلار)نىڭ ھەرىكەتلىرى ساقلىنىپ تۇرماقتا. يەنى ئۇ كونا مەرەزنىڭ يېڭى تۈرلىمىسى، كونا جاھالەت شەكىللىرىنىڭ يېڭى ئەۋرىشكىلىرى ۋە ئۆتمۈش «ئەنئەنە»لىرى سۈپىتىدە «دىنىي ئىش» شەكلى بىلەن رول ئويناپ تۇرماقتا. ئوتتۇرا ئەسىر جاھالەتچىلىكىنى ھازىرقى زامان جاھالەتچىلىكىنىڭ ئۆلچىمى قىلىشقا، ئۆز مەقسەت، ئېھتىياجلىرىنى ئىسلام دىنى ئەقىدىلىرى قىلىپ پەدازلاپ ۋە ئۇنى خەلقىمىز دىنىي ئىدىيولوگىيىسىنىڭ «ھازىرقى مەنبەسى» قىلىپ دەسسىتىشكە، «دىنىي داھىي»لىق، «ۋەلى»لىق، «پىر»لىق تەمالىرى بىلەن ئىشلىمەي چىشلەپ، ئالدامچىلىق بىلەن جان بېقىشقا ھەم ئۆز «ئىستىقبال»لىرى ئۈچۈن خەلقىمىزنى ھازىرقى ئىلمىي دۇنيا مۆجىزىلىرىدىن چەتنىتىپ، غەپلەت ۋە جاھالەت ئىلكىدە تۇتۇپ تۇرۇشقا زوقمەن بولۇپ تۇرغان بۇ كۈچلەر بۈگۈنكى كۈندە يەنىلا خەلقىمىز ئارىسىدا «ئىمانغا ئۈندەش»، «ئىمان يېڭىلاش»، «ئاغزىغا ئىمان سېلىش»، «دۇئا بېرىش»، «تۆۋە ئىستىغپار ئېيتقۇزۇش»، «كارامەت كۆرۈپ بېرىش» (پالچىلىق- ئا)، «ئۆچ قىلىش»، «ئامراق قىلىش»، «غايىبنى بىلدۈرۈش»، «پىرە ئوينىتىش»، «كۆز دۇئالىرى» تارقىتىش، «قەست قىلىش»، «قەست ياندۇرۇش»، «شىپا دۇئا ئوقۇش»، «بەنت قىلىش»، «بەخت دۇئاسى قىلىش»... بىلەن شۇغۇللىنىشماقتا. بىزنىڭ بەزى تۈز كۆڭۈل، ساددا، ئاللاھنىڭ بەرھەق دىنىغا چىن ئېتىقادكار يارانلىرىمىز ئۇلارنىڭ ئەنە شۇ خىل «دىن» نامى، «دىن» «قۇدرىتى» بىلەن ئەمەلگە قوييۇۋاتقان سۈيىقەستلىرىنىڭ ئاڭسىز قۇربانلىرىدىن بولۇپ بېرىشمەكتە. بۇ تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا يەنىلا بىزنىڭ مىللىي تەركىبىمىزنىڭ ھازىرقى زامان ئىجتىمائىي كېسىلىدۇر. مىللىي ئەيىبىمىز ۋە ئەقلىي مەغلۇبىيەتچىلىكىمىزدۇر. مەن بۇ پىكىرلىرىمنى تۆۋەندىكى ئازغىنە بىر قىسىم ئوقۇتىلىق مەۋجۇت مىساللار بىلەن ئاساسلايمەن.

### 1- ئۇلار يەنىلا جاھالەت تەرغىباتچىلىقىدا

1983 - يىل 9 - ئاينىڭ 4 - كۈنى يەكەننىڭ چىمدۇ دېگەن يېرىدىكى بىر چوڭ مەسچىتتە: «يەكەن چىلتەنلىرىدىن كەلدىم. ھەزرىتى ئىسھاقى ۋەلىئۇللانىڭ ھازىرقى زامان نەسەبلىرىدىن بولىمەن. چىڭگىزخان خوجامنىڭ مۇخلىسىمەن...» دەپ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ دۇئاغا قول كۆتۈرگەن بىر سوپى جامائەتكە مۇنداق دېدى: «ئەي مۇسۇلمانلار، غاپىللار! ئاخىر زامان بولاي دەپ قالدى. خۇداۋەندە كېرىم بەندەم، پەيغەمبىرىم ئۈممىتىم دېسۇن، جەننەت ساۋابى تاپاي دېسەڭلار ناماز، روزا، ئۆشرە - زاكات، سەدىقە - پىترىنى زادىلا تەرك قىلماڭلار. ئۇلۇغ پىرلارنىڭ، ئەزىز ئەۋلىيا - ئەنبىيالارنىڭ مازار - قەدەم جايلىرىنى زادىلا تاشلىماڭلار، پىرسىزلىق گۇناھىدىن ساقلىنىڭلار، پىرلاردىن دائىم دۇئا ئېلىپ، قول بېرىپ مۇرىت بولۇپ، ئىمانىنى كامىللىققا يېتىشىڭلار...خوتۇن - قىزلىرىڭلارنى روپاش، سەدرە (يۈزىنى يۆگەپ جەمئىيەتكە كۆرسەتمەي دېمەكچى-ئا) تۇتقۇزۇڭلار. نارسىدە قىز، نەبىرە ۋە جىنسىي مەزلۇم بىچارىلەرنى نامەھرەمدىن توسۇپ، بالاغەت يېشىغا تەگكەن ھامان پەرزنى ئادا قىلىۋېتىڭلار (قىزلارنى كىچىك چېغىدىلا ئەرگە بېرىۋېتىڭلار دېمەكچى-ئا). ئويۇن - كۈلكە، مەشرەپ، نەغمە، بەزمە، ھارام ھاۋايى - ھە-

ۋەسلەرنىڭ ھەممىسى كۆپىرلىقتۇر...بۇنىڭغا ھەۋەسلەنگۈچىلەر دوزاقتا چۈچۈلا بولغۇچىلاردۇر.
بەندىدىن شىپالىق، شاپائەت، رىسقى تىلەش - كۈتۈش (دوختۇردىن داۋالىنىش، جەمئىيەتتىن،
كىشىلەردىن ياردەم ئېلىش، مەدەت كۈتۈشنى دېمەكچى — ئا) ئاللاھقا شەك كەلتۈرگەنلىكتۇر،
شىپالىقنى، شاپائەتنى پەقەت بىر ئۇلۇغلاردىنلا كۈتۈڭلار، شۇلاردا ئوقۇتۇڭلار، پەۋا قىلدۇرۇڭ-
لار، تەقدىرگە تەن بېرىڭلار، ھارام دۇنيانىڭ، پاسىقلارنىڭ ئېزىتقۇلۇق قىلمىقلىرىدىن، سۆز-
لەۋزىلىرىدىن پاك ۋە خالى تۇرۇڭلار. دۇنيانىڭ ھارام نازۇ - نېمەتلىرى ئۈچۈن بىھۇدە زورۇق-
ماي، ئاللاھنىڭ بەرگىنىگە، تەقدىردە پۈتۈلگەن رىسقى لوقمىلارنىڭ ھەممىسىگە شۈكرى، قانائەت
قىلىڭلار... ئازنا، پەيشەنبە كۈنلىرى كۆپىرلار (مۇسۇلمان ئەمەسلەرنى دېمەك-
چى-ئا) نىڭ قولىدىن ھېچ نەرسە ئالماڭلار، بەرمەڭلار، سۆز قىلماڭلار، سۆزىنى ئاڭلىماڭلار،
مۇئامىلىدە بولماڭلار. سولتەكلەر (كادىرلار، مائارىپچىلار، زىيالىيلار، ئىشچى-خىزمەتچىلەر، زا-
مانىۋى تۇرمۇشقا يۈزلەنگەن ياشلار ۋە ئاياللارنىڭ ھەممىسىنى يەنە كالتا چاپان كىيگەن-
لەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇلار شۇنداق ئاتايدۇ-ئا) قولىدىن بىر نەرسە ئېلىش-يېيىش ھارامدۇر. . .
پەرزەنت، ئەۋلاد، پۈشتى نارىسىدىلەرنىڭ ھەممىسىنى دىنىدىن دىل ئۈزمەيدىغان، ھالالچى، مۇسۇل-
مان، خۇداكۆي مۆمىنلەردىن قىلىپ تەربىيەت قىلىڭلار. زامان ئېزىتقۇلىرىدىن پەخەس بولۇڭلار. . .
دىنىدا ئوقۇڭلار، ئوقۇتۇڭلار، مۇسۇلمان ئادەم قىلىڭلار (زامان ئىلمىدىن يىراق، نادان تۇتۇڭلار
دېمەكچى-ئا)، پىر، سەئىدلەرنىڭ دۇئالىرىنى ئېلىپ، نەزەرلىرىدىن ئۆتۈپ تۇرۇشنى قەرز بىلىڭ-
لار. . .». مېنىڭچە بۇ خىل «ۋەز-نەسىھەت»لەرنىڭ ھازىرقى زامان تەرەققىياتىدىن بىر قەدەر
چەتتە قېلىۋاتقان، بەزى قارىسىغىلا ئىشىنىۋېرىشكە ئادەتلىنىپ كەتكەن ساددا، خۇداكۆي مۇ-
سۇلمان يارانلىرىمىزغا كۆرسىتىدىغان تەسىرىنى تۆۋەن چاغلاشقا زادىلا بولمايدۇ. بۇ خىل ۋەزخا-
نلار ھازىرقى چاغلاردا ئىدىئولوگىيە جەھەتتە تەرغىباتچىسى يوق يەرلەرنىڭ تەرغىباتچىلىرى،
يۇرتدارچىلىقتا چوڭى يوق يەرلەرنىڭ چوڭلىرى، نازارەتتە ئىگىسى يوق يەرلەرنىڭ ئىگىلىرى،
دىنىي تۇرمۇشتا يېتەكچىسى يوق جايلارنىڭ يېتەكچىلىرى بولۇۋالغان دىنىي ئالدامچىلاردۇر.
شۇنداقلا ئۇلار خېلى بىر قىسىم مۇسۇلمانلار يۇرتلىرىدا بولۇپمۇ جاھالەتچىلىك ئادەت شەكلىگە
كىرىپ كەتكەن بەزىبىر ئائىلىلەر تۈركۈملىرىنىڭ دىنىي تۇرمۇش، ئىرىكچىلىك، ئېتىقاد ۋە پائا-
لىيەت، ھەرىكەتلىرىدە ئۆزلىرىنىڭ «دىنىي داھى»، «ئۇلۇغ پىر» لىق ئورۇنلىرىنى رەسمىي تىكلەپ
ئېلىشقان روھىي ھۆكۈمرانلاردۇر. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ھازىرقى ئىدىئولوگىيە، دىنىي تۇرمۇش ساھە-
سىگە كۆرسىتىۋاتقان زىيانلىق تەسىرلىرىنى بىز ھەرگىز تۆۋەن مۆلچەرلىيەلمەيمىز، ئەلۋەتتە.
بۇ خىل سەلبىي تەشۋىقاتلارنىڭ تەسىرى بىلەن 1983-يىلى جەنۇبىي شىنجاڭدىكى بەزى جايلار-
نىڭ مائارىپ، مەدەنىيەت، سەنئەت، ئىلىم-پەن خىزمەتلىرىدە بىر مەزگىل چېكىنىش يۈز بەردى.
ئاياللار خىزمىتى، نىكاھ، قانۇن خىزمەتلىرى، بەزى قانۇنلار، جەمئىيەت خىزمەتلىرى ھەر خىل
دەرىجىدە دەخلىگە ئۇچرىغان ھەتتا ھېلىمۇ ئۇچراپ تۇرماقتا. قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزى-
سىدا 1980-يىلىدىن بۇيان سوپى-«پىر» لارنىڭ يۇقىرىقىدەك «ۋەز-نەسىھەت» لىرى ئەدەپ كې-
تىپ، شۇ يېزىنىڭ 8000 دىن جىقراق ئاھالىسى بار توققۇز كەنتتە ئەنئەنىۋى خەلق مەشرەپلىرى
يوقاپ كەتكەن. پۈتۈن يېزىدىكى مەكتەپلەرنىڭ ھەممىسىدىن ناھىيە ۋە ئۇنىڭدىن يۇقىرى دەرى-
جىلىك ھەر خىل مەكتەپلەرگە قىز ئوقۇغۇچىلار ئاساسەن بارالمىغان. يەنە شۇ ناھىيىنىڭ بىر
قىسىم جايلىرىدا 1981—1982-يىللىرى 4000دىن ئارتۇق بالا جاھالەتچىلەر تەرىپىدىن ئاتال-
مىش «دىنىي مەكتەپ» لەرگە تارتىپ كېتىلگەن. گويا ناھىيىدە بىر نەچچە «پىر» نىڭ «بېشا-

رىتى» بىلەن (يوشۇرۇن قۇترىتىشى بىلەن) بەزىبىر باشلانغۇچ مەكتەپلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئۇرۇلغان، بەزىبىر ئايال ئوقۇتقۇچىلار سىقىلىشقا ئۇچرىغان.

خەلقىمىزنى، مىللىتىمىزنى ھازىرقى دۇنيادا يەنىلا ئاتالمىش «دىنىي» يول يەنى تەركىي دۇنيا جاھالەتچىلىكى بىلەن تۇتۇپ، «ئۇ ئالەم» دىكى «جەننەت» لەرگە باشلاپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان بۇ خىل جاھالەت تەرغىباتچىلىرىنىڭ يۇقىرىقىدەك زەھەرلىك تەرغىباتلىرى دىنىي جەھەتتىن ئەمەلىيەتتە ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ: «. . . بىلىم تەھسىل قىلىش ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر. . .»، «كىشىنىڭ بارلىق ھەرىكىتى خالىس خۇدالىق ئۈچۈن بولۇشى ۋە چوڭ مۇسىبەت، ۋەقەلەرگە سەۋەب بولىدىغان دۇنيا مەنپەئىتىنى كۆزدە تۇتماسلىقى لازىم. . .»، «بىلىم يىراق جۇڭگودا بولسىمۇ تەھسىل قىلىڭلار. . .»، «مۇسۇلمانلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن»، «مۇسۇلمانلار بەدنىيەتلىك قىلماسلىقى، پاك بولۇشى، ئېھتىياتچان بولۇشى، مۇئامىلىدە سىلىق بولۇشى، ناتوغرا ئىشلارنى پۈتۈنلەي تەرك ئېتىشى لازىم. ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىيلەن شۇنداق قىلغاندىلا قىلغان ئىبادىتى ئاللادىن قوبۇل بولىدۇ» (يۇقىرىقى سىتاتىلار «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» نىڭ 31-بېتىدىن، قۇرئاندىكى «سۈرە ئال ئىمران 169-ئايەتنىڭ بىر قىسمىدىن كۆچۈرۈلدى) دېگەن تەلىملىرىگە زىتتۇر. ئۇ خىل تەرغىباتچىلار يالغان ۋە ئەڭ قەبىھ گۇناھ قىلغۇچى نەپسانىيەت خىيانەتچىلىرىدۇر. مۇسۇلمان يارەنلىرىمىز خۇددى پەيغەمبىرىمىزنىڭ: «ئىنسانلار پەرۋەردىگارى، ئىنسانلارنىڭ پادىشاھى، ئىنسانلارنىڭ ئىلاھى ئاللاھقا سېغىنىپ، كىشىلەرنىڭ دىللىرىدا ۋەسۋەسە پەيدا قىلغۇچى جىنلاردىن ۋە ئىنسانلاردىن بولغان يوشۇرۇن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىنىڭ شەررىدىن پاناھ تىلەيمەن» («قۇرئان كەرىم» 114-سۈرە ناس، مەككىدە نازىل بولغان 6- ئايەت) دېگىنىدەك بۇ خىل جىن، يوشۇرۇن شەيتان ھازازۇل ئالدامچىلارنىڭ يۇقىرىقىدەك تەرغىباتلىرىغا ئالدانماسلىقلىرى، ئۇنىڭغا قارشى تۇرۇشلىرى، ئۇنداق كىشىلەرنىڭ ئەدىبىنى بېرىشلىرى لازىمدۇر.

### 2- ئۇلار يەنىلا «پال» چىلىقتا

پالچىلىق (رەمبالىق، قۇرئىلىق)— ئەسلىدە ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت، ئىپتىدائىي جەمئىيەت ئىنسانلىرىنىڭ خىيالىي تەسەۋۋۇرلىرى ئاساسىدا شەكىللەنگەن بىر خىل خۇراپىي چۈشەنچىدىن باشقا نەرسە ئەمەستۇر. ئىسلام ئەقىدىچىلىرى بۇ خىل چۈشەنچىنى تارىختىن بېرى بىر خىل «غەيرىي ئەقىدە» سۈپىتىدە ناھايىتى قاتتىق رەد قىلىپ، قارىلاپ كەلگەندۇر. لېكىن بىزنىڭ دىنىي تۇرمۇشىمىزغا ئارىلىشىۋالغان سوپى - ئىشانلار بۇ خىل «ئەقىدە» نى بىزنىڭ جەمئىيىتىمىزدە تارىختىن بېرى ئىسلام ئوقۇمى سۈپىتىدە يەنى ئۆزلىرىنىڭ «كارامەت»كارلىق «خاسىيەت»لىرىنى «ئىسپات» لايدىغان «مەۋجۇت رېئال مۆجىزە» سۈپىتىدە كۆرسىتىپ ۋە جارى قىلدۇرۇپ كەلمەكتە. بۇمۇ بىزگە تارىختا سوپى-ئىشانلار تەرىپىدىن يۇقتۇرۇپ قويۇلغان روھىي زەئىپلىك، روھىي بەدبەختلىكتىن بىر تۇردۇر. بۇ خىل «ئەقىدە» دىن ۋە بىزنىڭ بۇ خىل بەدبەختلىكىمىزدىن سوپى-ياران «پىر» لار ھازىرمۇ ئاجايىپ قارامىلىق ۋە ھىيلىگەرلىك بىلەن پايدىلانماقتا. بىز بۇ ھەقتە سانسىزلىغان ئېچىنىشلىق مىساللارنىڭ بىرى سۈپىتىدە ئۆتكەن يىل ياز قاراقاش ناھىيە زاۋا يېزىسىدىكى «رەمبال بۇۋىم» ساجىدە «پىر» خېنىم (يەرلىكتە «چىمشى ئەۋلىيا» نامىنى ئالغان-ئا)نىڭ چىرىيە ناھىيىسىنىڭ نۇرى يېزىسىدا سادىر قىلغان مۇنۇ «رەمبال»لىق ۋەقەسىنى ئەسلەپ ئۆتىمىز.

. . . بۇ يېزىدىكى 32 ياشلىق خۇراپات رىياكارى توختى بارات يېقىنقى بىر قانچە يىل مابەينىدە ئۆپكە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قانچە نۆۋەت داۋالانغان بولسىمۇ ساقىيالمىغان ھەم «بۇ كېسەلدىن ساقىيالماسلىقىمدا چوقۇم باشقىلارنىڭ قەستى بار (كىشىلەر ئوقۇپ قەست قىلغان دېمەكچى-ئا)» دېگەن ئويدا بولغان. ئۆتكەن يىلى 5-ئاينىڭ 27-كۈنى قاراقاش ناھىيىسىنىڭ زاۋا يېزىسىدىكى رەمبال ساجىدە بۇۋىنى ئۆز ئۆيىگە چىللاپ ئۆز بويى توغرۇلۇق پال سالدۇرغان.

«پالچى» ساجىدە «بۇۋىدىم» بىر قاتار غايىب «كارامەت»لەرنى بىشارەت قىلغاندىن كېيىن توختى باراتقا: «سىلىگە باشقىلارنىڭ قەستى بار ئىكەن، قەست قىلغۇچى ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇلار قىلغان قەستنىڭ بىرى («قەست ئايىتى» ئوقۇلغان ماددىي نەرسىنىڭ بىر پارچىسى، دېمەكچى-ئا) بوسۇغىلىرىنىڭ ئاستىدا، يەنە بىرى مازاردا ئىكەن. ئەگەر ئۇ نەرسىلەر تېپىلمىسا كېسەللىرىدىن ئۆمۈرۋايەت ساقىيىپ كېتەلمەيدىكەنلا. . .» دېگەن. بۇ چاغدا توختى بارات قورقۇپ تىترەپ «بۇۋىدىم»گە بۇ نەرسىلەرنى تېپىپ بېرىشنى قاتتىق ئىلتىجا قىلىپ (يالۋۇرۇپ) تۇرۇۋالغان.

«پالچى بۇۋىدىم» ئۇنىڭ ئۇپچۇق قىلتاقىغا رەسمىي چۈشكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، مەزكۇردىن كۆپرەك ئولجا ئۇندۇرۇپ ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىنى كولاپ ئۇ يەردىن چىققان تاش-كېسەك، توپا-چاللارنى كۆرسىتىپ «سىلىگە قەست قىلىپ ئايەت ئوقۇپ يۇرۇپ كۆمۈۋەتكەن نەرسىلەر مۇشۇ» دەپ ئىشەندۈرگەن. توختى بارات بۇنىڭدىن تەسىرلىنىپ «رەمبال بۇۋىدىم»گە بىر تاي، بىر ئېشەك، 50 يۈەن نەق پۇل ۋە بىر يارتا قوي گۆشى «دۇئا» قىلدۇرۇپ، ئاتالمىش ئۆزىگە قەست قىلغان كىشىلەرنى تېپىش، ئۆچ ئېلىش نىيىتىگە كەلگەن. ھەم «قەست»دىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن دەرھال بىر قوتىغا بىر پارچە گېزىت قەغىزىدەك چوڭلۇقتىكى بىر تۇمار، ھۆپۈپ تاجىسى ۋە بىر پاي ئالتۇن زىرىنى سېلىپ يېنىدا ساقلاپ «قەست»دىن مۇداپىئەلەنگەن. نېرى ئويلاپ، بېرى ئويلاپ ئاخىرى ئۆز يېزىسىدىكى سادىر قارىم بىلەن مەسۇم موللام دېگەن كىشىلەردىن ئورۇنسىز «گۇمان»لىنىپ ئۇلارنىڭ پېيىگە چۈشكەن. كېچىلىرىمۇ «قارا بېسىپ» ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ كەتكەن. ئاخىرى «قەستچىلەر»دىن «ئىنتىقام» ئېلىش قەددىنى تېزلىتىپ، سادىر قارىم دېگەن بىگۇناھ كىشىنىڭ يانلىرىنى ئاختۇرغان، ئالداپ ئۆيىگە ئاپىرىپ، ئادەم يىغىپ، باغلاپ، ئۇرۇپ قاتتىق قورقۇتۇپ قىستاپ «ئىقرار» قىلغۇزۇشتا قىلمىغان ۋەھشىيلىكى قالمىغان. مەسۇم موللام دېگەن كىشىنىمۇ باغلاپ، تېپىپ قويۇپ ئىككى چىشىنى سۇغۇرۇۋالغان. ئاغزىنى يىرتىۋەتكەن. سادىر قارىم دېگەن كىشىنىڭمۇ ئىككى چىشىنى چۈشۈرۈۋەتكەن، ئاغزىنى، گال، تاماقلىرىنى قاتتىق زەخىملەندۈرگەن. . . شۇنداق قىلىپ «رەمبال بۇۋىدىم» «پال» سېلىپ توختى باراتنىڭ جىنايەت قىلىشى، بىگۇناھ ئىككى دېھقاننىڭ قاتتىق زىيان-زەخمەتلەرگە دۇچار بولۇش ئاقىۋىتىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، مۇسۇلمان كىشىلەرنىڭ ئۆز ئارا بىرلىكىگە، ئىتتىپاقلىقىغا، خاتىرجەملىكىگە زىيانكەشلىك قىلغان بۇ خىل ئالدامچىلار جەمئىيىتىمىزنىڭ ھەممىلا يەرلىرىدە ساقلىنىپ، ھەردەم-كەتلىنىپ كەلمەكتە. بەزى گول، نادان يارانلىرىمىز ھېلىمۇ يۇقىرىقىدەك «سوپى»، «پىر»، «بۇۋىدىم»لەرنىڭ بىخۇتلاشتۇرۇشلىرى بىلەن «بارىنى ئوغرى، يوقىنى رەمبال ئالىدىغان» «تەقدىر»دىن قۇتۇلالمايۋاتىدۇ. بۇ خىل «دىنىي تەقدىر»دىن ۋە بۇ خىل روھىي قۇللۇقتىن قۇتۇلۇش بىزنىڭ ھازىرقى ئەڭ جىددىي، مىللىي پەرزىمىز ۋە مەجبۇرىيىتىمىز بولۇپ تۇرماقتا.

## 3-ئۇلار يەنىلا «دۇئا» - «تالاۋەت» ئالدامچىلىقى يولىدا

دۇئا قىلىش، ساۋابلىق ئىزدەش — مۇسۇلمانلار ئۇچۇق دىنىي ۋە دىنىي ئەخلاقى ئادەتلەر جۈملىسىگە كىرىدىغان، خالىس ۋە ئىنتايىن ھالال نىيەت بىلەن ئادا قىلىشقا تېگىشلىك دىنىي مەجبۇرىيەتتۇر، يەنى ھەقىقىي مۇسۇلمان مەجبۇرىيىتىدۇر. ھەر بىر دۇئاكوي — ھەقىقىي دىندار، ئەڭ ئەخلاقلىق، مۆمىن، ئىسلام ئىلمىگە سادىق، دىيانەتكارلىقى مۇسۇلمانلارغا تەسىر ۋە توغرا ئىما — ئىشارەت كۆرسىتىپ تۇرالايدىغان، دىندارلىقى قۇسۇرسىز، مەۋقەسى سۇسلاشمايدىغان، خۇدا يولىدا چۈشكەننى يەنىلا خاس خۇدا يولىغىلا خالىس سەرپ قىلىدىغان، نامرات، شەخسىيەتسىز، ئالىيجاناب، پەس ھەۋەسلەردىن تولىمۇ خالىي دىندارلاردىن بولۇشى زۆرۈردۇر. قۇرئان ھەدىسىنىڭ روھىدا: پاسىق، جاھىل، نادان، بىلىمسىز، قىلمىقى سەت، ھىيلىگەر، ئاز بىر نېمىنى دەپ كۆپكە زىيان سالىدىغان، مەنپەئەت تاماگەرلىكى ئۈستۈن، سۇخەنچى، ئېتىقادى سۇس، ئالدامچىلىقنى كەسىپ قىلىۋالغان سۇيىقەستچى، ئىرىكتاپ، ئۇششۇتلۇققا كۆنگەن ھەر قانداق ئەھلىي مۇسۇلماندىن دۇئا ئېلىش، ساۋابلىق كۈتۈش، ئاللاھنىڭ ئالدىدا كەچۈرگۈسىز گۇناھ ھېسابلىنىدىغانلىقى تەكىتلەنگەن. دۇئاكوي: «. . . دۇئادا ئالغان ئولجا (نەرسە) نىڭ نېمە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ بەشتىن بىر قىسمىنى ئاللاھقا (ئەمەلىيەتتە جەمئىيەت ئىشلىرىغا — ئا)، قالغىنىنى ئاللاھنىڭ ئەلچىلىرىگە، تۇغقانلارغا، يېتىم - يېسىرلارغا، نامرات، بىچارىلەرگە، مۇساپىر يولۇچىلارغا ئاتىشى كېرەك . . .» (قۇرئان: 8 -سۈرە 41 - ئايەتتىن) «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان دۇئاسى (بىراۋغا بولغان ئالقىشى ياكى قاغىشى، دېمەكچى — ئا) ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈن بولۇش لازىملىقىنى ئۇقمىش كېرەك . . .» («مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 334 - بەت) دېگەن پىرىنسىپلىرىغا قەتئىي رىئايە قىلىنىشلىرى شەرتتۇر. لېكىن بىزدىكى بىر قىسىم «دۇئاكوي» — سوپى-ئىشان، «پىر»لار يەنى ئاتالمىش «دۇئا» خۇنلار ھازىرقى چاغلاردا ئىسلامنىڭ «دۇئا» توغرىسىدىكى يۇقىرىدىقى پرىنسىپ ۋە دىنىي ئەخلاق ئۆلچەملىرىگە پۈتۈنلەي خىلاپلىق قىلىشىپ، دۇئانى ئۆزلىرىنىڭ مەنپەئەت تېپىش، ئىشلىمەي چىشلەش، كىشىلەرنىڭ قان - تەرىنى شوراپ دۇنيا تېپىش، مۇسۇلمانلارنى ياۋاش، مۆمىن، بويسۇنغۇچىلارغا ئايلاندۇرۇش، ئاخىرى خەلقىمىزنى مىللىي خورلۇق، مىللىي چۈشكۈنلۈككە ئىتتىرىشتەك قەبىھ ۋە ئىنتايىن رەزىل مەقسەتلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىلىنىپ كەلگەن ۋە كېلىشمەكتە. ئۇلارنىڭ بۇ ساھەدىكى بەزىبىر ئوسال قىلمىشلىرى توغرىسىدا يېقىنقى يىللار جەريانىدا يۈز بەرگەن مىساللاردىن ناھايىتى ئازلا بىر قىسمىنى قىسقىچە ئەسلەپ ئۆتۈش ئورۇنلۇقتۇر:

1981 - يىلى قاغىلىقنىڭ چوپان يېزا 2 - كەنتىدە سوپى - ئىشان خوراپاتچىلىقىغا تېۋۇنىدىغان بىر دېھقان ئائىلىسىدىن 10 - سىنىپنى پۈتتۈرگەن بىر قىز ئائىلە چوڭلىرىنى «دۇئا» بېرىپ ئۆزىگە رام قىلىۋالغاچ، كېلىش مەنبەسى مەلۇمسىز بىر نائەھلى سوپىغا «ساۋاب» لىق ئۈچۈن «دۇئا» قىلدۇرۇۋېتىلىدۇ. ئۇ قىز بۇ سوپى بىلەن ئىككى يىل «خۇداغا قۇللۇق» قىلىپ ياشايدۇ. بۇ سوپى تۇغۇلغان بىر بالىسى بىلەن ھەممە «ساۋاب»نى بۇ قىزغا قالدۇرۇپ بىر كېچىدىلا غايىب بولىدۇ، قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىرەر يىلغىچە ئىزدەپ ئۇققۇشۇپ بۇ «دۇئاكوي» «پىر» نىڭ خەۋىرىنى گۇما ناھىيىسىدىكى تۈرمە كادىرلىرىنىڭ بىرىدىن ئالىدۇ. مەلۇم بولۇشىچە گۇمىلىق

كەسپى ئوغرى مەمەت 1970 - يىللارنىڭ ئاخىرلىرىدا 10 نەچچە يىللىق قولغا ئېلىنغان بولۇپ، تۈرمىدىن قېچىپ، مۆكۈپ - چۆكۈپ ئېقىپ يۈرۈپ نۇرغۇن جىنايەتلەرنى قىلىش جەريانىدا بۇ يەرگە كېلىپ، بۇ «ئولجا» غا «دۇئا» قىلغان. 1980 - يىلىدىن 1982 - يىلغىچە قەشقەر شەھەر ئىچىدە «دىنىي ئۆلىما» لىق قالپىقىنى كىيىۋالغان 80 نەچچە ياشلىق بىر «ئۇلۇغ زات» «دۇئا» خۇمار، «ساۋاب» قا تەقەززا بولۇپ يۈرۈيدىغان ئۈچ ئائىلىدىن ئۈچ كىچىك باكىر قىزغا «دۇئا» قىلىپ، مەلۇم مەزگىل ئىچىدە ئۇلارنىڭ ئائىلىلىرىگە تېگىشلىك «دۇئا» سىنى، «ساۋاب» نى بېرىپ، قىزلارنى نىكاھ زىددىسى قىلىپ قويۇپ ئاخىرى «دۇئا» نىڭ سىرى پاش بولۇش ئالدىدا، بۇ قىزلارنىڭ بىرىگە: «چۆچۈرىنى چوڭ تۈگىدىكەن» دەپ، يەنە بىرىگە: «قولى قاتتىق، ئۆزى قوپال ئىكەن» دەپ، يەنە بىرىگە: «سامىسىنى يوغان ياقىدىكەن . . .» دەپ «گۇناھ» قويۇپ «تالاق خېتىنى» بېرىپ، ئاتا - ئانىلىرىغا تاپشۇرۇپ بەرگەن. 1979 - يىلى ئۈرۈمچى پويىز ئىستانسىسىنىڭ قاچىلاش، چۈشۈرۈش مەيدانىنىڭ ئائىلىلىكلەر قورۇسىغا نامەلۇم بىر «ئۇلۇغ پىر» پەيدا بولۇپ، بىر ئىشچىنىڭ ئۆيىدە بىر-ئىككى ئاي «دۇئا» ئوقۇپ «ئىمان يېڭىلاپ»، «ساۋاب» ئاتا قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرى بۇ ئىشچىنىڭ ئىككى بالىلىق بولغان خوتۇنىنى «دۇئا قىلىپ» ئالداپ ئېلىپ قېچىپ كەتكەن. «شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 1987 - يىل 8 - ئاينىڭ 18 - كۈنىدىكى سانىدا خەۋەر قىلىنىشىچە، ئاقسۇ شەھەر ئىچىدە «خەلپەت» نامى بىلەن «دىنىي زات» بولۇپ يۈرگەن جاھالەتچى مۇرتەد — تۇرغۇن ئۆمەر 1986 - يىل 7 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاغزىغا «ئىمان» سېلىش، «دىنىدا ئوقۇتۇش» نامى بىلەن «دۇئا» بېرىپ چۆرىسىگە يىغىۋالغان (چوڭى 11 ياش، كىچىكى 8 ياش بەش ئۇيغۇر قىزنى گوللاپ «ساۋاق» بېرىدىغان خالى جايغا (قېيىن ئاتىسىنىڭ ئادەم ئولتۇرمايدىغان ئۆيىگە) ئاپىرىۋېلىپ ئۇلاردىن ئۈچىنىڭ ئىپپەت- نومۇسىغا تەگكەن. يەنە ئىككىسىگە بەدقىلىقلىق قىلغان. خەلقنىڭ قاتتىق غەزەپ - نەپرىتى بىلەن ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى تەرىپىدىن يېقىندا مۇددەتسىز تۈرمىگە ھۆكۈم قىلىنغان بۇ «دۇئاكۆي» — «ئىمان سالغۇچى» نىڭ قىلمىشىنى قانداقمۇ مۇسۇلمان قىلىقى دېيىشكە بولار؟ ئاغزىدىن سۈت تېمىپ تۇرغان گۆدەك قىزلىرىنى ئىككى قوللاپ ئەنە شۇنداق «ئاغزىغا ئىمان سالغۇچى» «مەلئۇن»«دىن» دارىنىڭ قارا چاڭگىلىغا سېلىپ بەرگەن ئاتا- ئانىلار ئۆزلىرى تاپقان بۇ «ساۋاب» نىڭ دەردىنى ئۆمۈرۋايەت تارتماي قالارمۇ؟ بىز بۇ يەردە تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇسۇلمان ئەدىب ئابدۇلمەجىد سانائىنىڭ «غاپىل ۋە جەسەت — بىر نەرسە پەقەت» دېگەن ئەدەبىي مىسراسى بىلەن ئۆز ئەپسۇسىمىزنىلا ئىچىمىزگە يۇتۇپ قالىمىز خالاس. يەنە مىساللار: جەنۇبىي شىنجاڭدىن ئۈرۈمچىگە پەيدا بولۇپ «ئاپئاق خوجامنىڭ 5 - ئەۋلاد نەۋرىسىمەن» دەپ «پىر» لىق قىلىپ يۈرگەن بىر ئىشاننىڭ مۇشۇ بىر نەچچە يىل ئىچىدە ئۈرۈمچىدە «دۇئا» غا ئالغان «خوتۇن» لىرى ئون نەچچىدىن ئېشىپ كەتكەن. ئىگىلىشىمىزچە، ئاپتونوم رايونىمىز مۇسۇلمانلىرى ئارىسىدا يېقىنقى ئىككى-ئۈچ يىل ئىچىدە «دۇئا بېرىش»، «دۇئا قىلىپ قويۇش»، «نىجاد دۇئاسى»، «كۆز دۇئاسى»، «شىپالىق دۇئاسى»، «قورقاق دۇئاسى»، «ئىمان يېڭىلاش دۇئاسى»، «چۈش دۇئاسى»، «گۆدەكلەرنى مۇسۇلمان قىلىش دۇئاسى»، «ساۋاب دۇئاسى» . . . دېگەندەك سانسىزلىغان «دۇئا» لارنى «ئىجاد» ۋە دەستەك قىلىشىپ يۈرۈيدىغان «ئۇلۇغ پىر»، «ئۇلۇغ سوپى» لار خېلىلا كۆپىيىپ كەتكەن. «دۇئا» ئالدامچىلىقى بىلەن خەلقنىڭ پۇل ۋە جېنى، مال - مۈلكىنى قاقتى-سوقتى قىلىدىغان، ھەتتا كىشىلەرنىڭ جېنىغا، خوتۇن-بالىلىرىغا،

مال ـ مۈلۈك تىرىكچىلىكىگە «دۇئا» قىلىپ قويىدىغان يەنى «دىن» نى قالقان قىلىۋېلىپ ئوغرىلىق، بۇلاڭچىلىق، قاتىللىق، باسقۇنچىلىق، بۇزغۇنچىلىق جىنايىتى بىلەن شۇغۇللىنىدىغان «دۇئاكۆي» قىزىلكۆزلەردىن قاتتىق ساقلىنىش، مۇداپىئەلىنىش ۋە ئۇلارغا قارشى ھەرىكەت قىلىش ھەر بىر مۇسۇلماننىڭ ھازىرقى چاغلاردىكى ۋىجدانى ۋە ئىمانى قەرزىدۇر. بىز بۇ خىل «دۇئاكۆي» لارنى زامانىمىزدىكى يەم ـ ئىدرەكتىن خالى، ئەقىلسىز، غەيرەتسىز، ئىنسابسىز، ھاياسىزلار دەپ قارايمىز. ئۇلار خۇددى «مەھبۇبۇل قۇلۇب» تا كۆرسىتىلگەندەك: «ئۇلارنىڭ كۈندۈزى ھەر يانلارغا قاتراشلىرى ـــ ئالدامچىلىق بىلەن خەلقتىن نەرسە ئېلىش ۋە كېچىسى كېلىپ ئوغرىلىق قىلىش ئۈچۈن ھەر يانغا كۆز سېلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئۇلار كىشىلەردىن ياخشىلىق كۆرسە شۈكرى قىلمايدۇ. كۆڭۈللىرىنى رىياكار سوپىلارنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ناخۇشلۇق قاپلىغان. ۋەج تاپسا تۈگۈنچەككە تۈگىشىدۇ، ئۇلارنىڭ تۈگۈنچەكلىرىنى ئۆلۈكنى يۇغان كىشىلەردىن باشقا كىشىلەر ئاچالمايدۇ، يېشەلمەيدۇ. ئۆلۈكى بىلەن قوشۇلۇپ يەرگە كۆمۈلۈپ كېتىدۇ. ئۇنى تۇپراقتىن باشقا نېمە يېيەلمەيدۇ. بۇ دۇئاكۆيلارنىڭ ئارىسىدا يەنە ئۆزىنى «قەلەندەر» دەپ ئاتايدىغانلىرى بار. ئۇلار ئادەملىكتىن يىراق، ھەتتا دىۋە، شەيتانلارمۇ ئۇلارنى تىللايدۇ. ئۇلار ئىنسانىيەتتىن، مۇسۇلمانچىلىقتىن يىراق بولۇپ، تۇڭگۇز ۋە ئېيىقلار ھاياتتا ئۇلاردىن ياخشىراقتۇر . . .»

## يېڭى «مازار» پەرەست «ئاشىق»، «مۇرىت»لار توغرىسىدا

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بىر قىسىم جايلىرىدا، بولۇپمۇ مەدەنىيەت تەرەققىياتى تۆۋەنرەك، زاماندىن كېيىنرەك قېلىۋاتقان جايلاردىكى مۇسۇلمان ئاھالىلەر ئارىسىدا بىر يەنىلا جاھاندىن قول ئۈزۈپ، بىر جايدا ماكانلاشماي، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق، بالا ـ چاقىلىق بولماي، ئۇدۇللۇق تاپقىنىنى ئۇدۇللۇق يەپ تۈگىتىپ، كەلگەن يەردە يېتىپ ـ قوپۇپ، يۇيۇنماي، تارانماي، بۆرگە، پىت ـ قۇشلارغا بوغۇلۇپ، داسماقلىشىپ، نېمە تاپسا شۇنى يەپ، جۇلجۇل، قۇراق «كىيىملەر» نى كىيىشىپ، يالىڭاياغ، يالاڭباش، تەلەتى سەت، تېرى قورقۇنچلۇق ھەتتا كىيىم ـ كېچەكسىز يۈرۈيدىغان بەزى بىر ھەر خىل سەت قىياپەتلىك تەركىي ـ دۇنيا كىشىلەرنى ئارىلاپ ئۇچرىتىپ تۇرماقتىمىز. ئۇلار بەزى سوپى ـــ «پىر» لارنىڭ نەزەرىدە «ئاخىرەت» لىكىنى تاپقان، «كۆڭلى ئاق»، «دىلى يورۇق» دەپ قارىلىدىغان، ئۆزلىرىنى بولسا «ئاشىق» لار، «مۇرىت» لار دەپ ئاتىشىدىغان بىر خىل «مۇسۇلمان» لاردۇر. ئۇلار: پالانچى «ئۇلۇغ مازار» دىن، پالانچى «ئۇلۇغ جاي». دىن كەلدۇق، پالانچى ئەۋلىيا، «پىر» «خوجام» لارنىڭ «مۇرىت»، «ياران» «ئاشىق» لىرىمىز . . . دېگەندەك نام ـ ئاتاقلارنى شىپە كەلتۈرۈپ، كىشىلەر ئارىسىدا «ئاشىق» لىق، «مۇرىت» لىق قىلىشماقتا. ئۇلارنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى «دىنىي مەركەز» لىرى ئاساسەن پىچاندىكى «تۇيۇق خوجام» (ئەسھابۇل كەھف)، نىيەدىكى «ئىمامى جەپىرى سادىق مازىرى»، يەكەندىكى «چىلتەن مازىرى»، قەشقەردىكى «ئاپئاق خوجا مازىرى» قاتارلىق بىر قىسىم «سىرلىق» «مازار» لاردىن ئىبارەت بولماقتا. شۇڭا بىز بۇ خىل كىشىلەرنى زامانىمىزدىكى مەلۇم دىنىي تەرىقەت ئىدىئولوگىيىسىنى ئاساس قىلغان، «پىر»، «ئۇستاز» لىرى ئېيتقان، ئىشانىسى تەركىي دۇنياچىلىق (دۇنيانى «دوست تۇتماس» لىق) تىن ئىبارەت بولغان، ھاياتقا قىزغىنلىقى سۇس، چۈشكۈن روھىي ھالەتكە ۋەكىللىك قىلغۇچى، خاراباتى ئىنسانلار توركۈمىدىن تەتقىق

قىلمىمىز، كۆزىتىمىز. بۇ خىل «ئاشىق»، «مۇرىت» لار توغرىسىدا ھازىرچە قولىمىزدىكى بىر قى-
سىم ماتېرىياللارنىڭ بىرلا پارچىسىنى يەنى نىيە ناھىيىسىدىكى «ئىمام جەپىرى سادىق مازىرى»،
پىچاندىكى «تۇيۇق خوجام مازىرى» نى تولاراق شىپە كەلتۈرۈپ «ئاشىق»، «مۇرىت» يېتىشتۈرۈپ،
يېتەكلەپ يۈرۈۋاتقان مەلۇم بىر «پىر»نىڭ مۇشۇ ھەقتىكى پائالىيەتلىرى توغرىسىدا قىسقىچە
توختىلىپ ئۆتىمىز. بۇ «پىر» 1982 - يىلىدىن 1985 - يىلىغىچە ئالتە«ئاشىق»ھەمراھى بىلەن
پىچان، سانجى، قۇتۇبى، گۇچۇڭ، مورى، جىمسار، ئۈرۈمچى، تۇرپان ناھىيىلىرى ۋە شە-
ھەرلىرىنىڭ بىر قىسىم بۇلۇڭ- پۇشقاقلىرىدا «ئىمان يېڭىلاش»، «دۇئا بېرىش»، «تۆۋە ئىستىغپار
قىلغۇزۇش» ۋە «ھالال - ھارام» پەتىۋاچىلىقى . . . بىلەن شۇغۇللىنىپ نۇرغۇن
كىشىلەرنى «ئىمانى كامىل» لىققا «يېتەكلىدى»، بەزىلەرنى «ئاشىق»، «مۇ-
رىت» قىلدى. «ئىمامى جەپىرى سادىق»، «تۇيۇق خوجام» «مازار»لىرىنى ھەر يىلى تاۋاپ
قىلىپ تۇرۇشنىڭ «ئەڭ ئۇلۇغ»، «ئەڭ ساۋابلىق»، «ئەڭ خاسىيەت»لىك «ئەھمىيەت»لىرىنى
كۆچەپ چۈشەندۈردى. ھەتتا كىشىلەرنى ئىبادەت ئۈچۈن مەككىگە بارماي شۇ يەرلەرگە
بېرىشقا چاقىردى. ئۇ «ئىمامى جەپىرى سادىق مازىرى» توغرىسىدا مۇنداق دەيدۇ: «بۇ مازار
مۇسۇلمانلارنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ سەجدە گاھى — ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرە -
نەسەبى — ئىمامى جەپىرى سادىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇبارەك جەسەتلىرى قويۇلغان تەۋەرۈك
جايدۇر①. مەن بۇ «ئالەم»نىڭ بارلىق ھارام ھەۋەسلىرىدىن خالى ۋە پاك تۇرۇپ، بۇ مازاردىن
ۋەھى - بېشارەت ئېلىپ «پىر»لىق دەرىجىسىگە ئېرىشىپ، ئىككىلا دۇنيالىقىمنى تاپتىم.
«پىر»لارنىڭ ئارقىلىرىدىن قالماي، «پىر»لىق رىشتىسىگە سادىق بولۇپ، دېگەنلىرىنى شەرتسىز،
شەكسىز، تەخىرسىز ئورۇنداپ تۇرغانلار تاڭلا مەھشەر كۈنى بەرھەق ئىمانى كامىل، «ئەھلى
جەننەتلەر، قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ...». بۇ خوجا ئۆزىنىڭ «ئىشقىيە» سۇلۇكى (ئاپپاق خوجا
تەرىقىتى— ئا)گە خاس ھەم سادىق ئىكەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىپ تۇرۇپ: «ئىنسان ئەگەر بۇ
سۇلۇككە كىرسە نۇرنى بارغانسېرى ئاشىدۇ، ئاللاھنىڭ زاتىغا ئۇلىشىدۇ. مەڭگۈ ئىمانى كامىل
بولىدۇ. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدىن يىراقلاشمايدۇ. ساۋابى مەڭگۈ ئەبەدىلىشىدۇ ...»، «... بۇ دۇنيا
ئۆتكۈنچى بىۋاپا دۇنيادۇر، مۇسۇلمان ئاخىرەتلىكىنى كۆزلەش لازىم ...» دەيدۇ. ئۇ يەنە ئۆزىنىڭ
«نەسەبنامە»سىنى تەسۋىرلەپ ئاخىرى: «ھەزرىتى شاھابىدىن خوجامنىڭ نەۋرە نەسەبىدىن
بولىمەن» دەيدۇ. بۇ يەردە شۇنى ئەسكەرتىش لازىمكى شاھابىدىن خوجا— مىلادى 1850- يىللارنىڭ
ئاخىرلىرىدا قەشقەردە بىر مەزگىل ھۆكۈم سۈرگەن ۋەلىخان خوجىنىڭ ئاتالمىش «قازى رەئىسى»
بولۇپ، ئۇ، خۇددى «بورقۇم ئەۋلىيا»دا كۆرسىتىلگەندەك: بىگۇناھ مۇسۇلمانلارنىڭ ناھەق
كېسىلگەن باشلىرىدىن كاللا مۇنارلىرى ياساشقا قاتناشقان تارىخىي قاتىل «زات»دۇر.

---

① بۇ «خوجام» بۇ يەردە پۇتۇنلەي يالغان ئېيتىپ، ئۆزىنىڭ ئالدامچىلىق، يالغانچىلىق مىجەزىنى
بەك ئوچۇقلا ئاشكارىلاپ قويۇۋاتىدۇ. «رەۋزە توساپا» دېگەن تارىخ كىتابىدىن ۋە باشقا نۇرغۇن تارىخىي
ماتېرىياللاردىن بىلىشىمىزچە: ئىمامى جەپىرى سادىقنىڭ ئەسلى ئىسمى ئىمامى مۇھەممەت جەپىرى سادىق بولۇپ،
ئۇ— ئىسلام تارىخىدىكى «ئەئىممە ئىمامىيە» (12 ئىمام— ئا)نىڭ بەشىنچى ئىمامى مۇھەممەت باقىرنىڭ ئوغلى
يەنى زەينۇل ئابىدىن بىننى ئىمامى ھۈسەيىننىڭ نەۋرىسىدۇر. بۇ زات تارىخىي ھىجرىيىنىڭ 148- يىلى
(مىلادى 765- يىلى) مەدىنىدە ئالەمدىن ئۆتكەن. ئۆمرىدە شىنجاڭ تەرەپلەرگە زادىلا كېلىپ كۆرمىگەن ھەم
بۇ تەرەپلەرنىمۇ بىلمىگەن. ئەمەلىيەتتە بۇ مازار تارىختا ئۆتكەن خوجا - ئىشانلار تەرىپىدىن پەيدا قىلىنغان
ياكى بىرەر چوڭ سوپى - ئىشان «پىر»نىڭ ئۆلۈكى قويۇلغان بىرەر خارابى زىيارەتلىق بولۇشى مۇمكىن.

بۇ خوجا كەيىنكە سېلىنغان ئالتە «ئاشىق» ۋە ئۇلارنىڭ تەركىبىگە شۇيمۇگۇ، لوخانگۇ، ياماللىق تاغ مەھەللىرىدىن قوشۇلغان ئۈچ يېڭى «ئاشىق» يەنى بىر يېڭىدىن تونۇشقان توققۇز ئۇيغۇر «ئاشىق» توغرىسىدا شۇنى ئېيتىش كۇپايىكى، ئۇلار بەئەينى ھېلىقى «خوجام»نىڭ ھازىرقى زامان تىرىك قوراللىرىدۇر. توغرىسىنى ئېيتقاندا ئۇلار — بەزىبىر دىندارلار ياكى «پىر» پەرەس تەقۋادارلار ئائىلىلىرىدىن مەلۇم سەۋەب، پېشكەللىك ياكى كۆڭۈل ئازارلىقى سەۋەبلىرى بىلەن قاڭقىپ چىقىپ كېتىپ (تۇرمۇش مەنبەلىرىدىن ئايرىلىپ)، ئۆزلىرىنى «خۇداغىلا» ئاتىۋەتكەن دىنىي «يېتىمچى» — بىچارىلىكتىن بۇ «پىر»گە باغلىنىپ قالغان بىقۇۋۇل دىنىي سەرگەردانلاردۇر. ئۇلارنىڭ ھازىرقى دىنىي تۇرمۇشى، ئىنسانلىق كەيپىياتلىرى، تىرىكچىلىكلىرى ئومۇمەن مۇنداق:

(1) ئۇلار مۇسۇلمانچىلىقنىڭ «بەش پەرز»ىنى، ئىسلامنىڭ ئەسلى ئەركانلىرى — تاھارەت، ناماز، زاكات، روزا، ھەج ۋە باشقىلارنى ئورۇنداشقا قىزىقمايدۇ، روزى تۇتمايدۇ، ناماز ئوقۇمايدۇ، تەرەت ئالمايدۇ، زاكات بەرمەيدۇ، خاس ئۆز «پىرى»دىن باشقا ھەرقانداق «دىنىي داھىي»، «دىنىي قۇدرەت»نىڭ بارلىقىنى خىياللىرىغا كەلتۈرۈشمەيدۇ. ھەر جۈمە كۈنى دېيىشكەن جايلىرىغا جەم بولۇپ ياكى بىرىدىن - ئىككىدىن يۈلۈنۈپ قانغۇدەك نەشە چېكىپ مەستۇ-مۇستەغرەق بولۇشۇپ، ئۆزلىرىچە بۇنى «خۇداغا ئاشىقلىقنى ئىپادىلىگەنلىك» دەپ بىلىشىدۇ. چاچلىرىنى ئۇزۇن ئۆستۈرۈپ، ئەرۋەك - سەرۋەك يۈرۈپ «خۇدانىڭ ئىشقىغا» ئۆزلىرىنى «پىدا» قىلىشقان بولۇشىدۇ. ئۇلاردىن مۇسۇلمانلىق خىسلىتى، مۇسۇلمانلىق تۇرمۇش شەكلى ۋە ئىنسانچىلىق تەبىئىتى كۆتۈرۈلۈپ كەتكەن. نە ئەقىل، نە ھايا، نە تەمكىنلىك يوق. ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىشەنچسىزلىك، ناپاكلىق، نامەردلىك ئادەتلىرىگە كۆنۈپ كەتكەن. مىللىي روھ، نەسىل - نەسەب، ئادەمگەرچىلىك پەزىلەتلىرىنى يىرتىپ قويغان. قىلىشىدىغان دائىملىق «دىنىي ۋەزىپىلىرى»: ھەر كىم ئۆزى تۇرغان يەردە كۈندە بىر قېتىم ئىككى قولىنى تۇتۇۋېلىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاغزىدىن شال، بۇرنىدىن سۇيۇقلۇق چېچىپ تۇرۇپ: «ئاللاھ ھۇم! ئاللاھ ھۇم! ياپىرىم ئاللاھ ھۇم!...» دەپ ساراڭلاردەك ئۈنلۈك ۋارقىراپ، بىر يەردە، بىر ئىزدا توختىماي بىر خىلدا ئايلىنىپ... بېشى قايغاندا يىقىلىپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ، يۈز، بەدەنلىرىنى تاتىلاپ - تىرمىلاپ ھوشىدىن كېتىپ، ھوشىغا كېلىپ «ئىبادەت» قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ كىشى ئۆزى ئۆگەتكەن «ئاشىق»لىرىنىڭ بۇ خىل «ئىبادەت»چىلىك رىيازەتلىرىنى شەرھىلەپ چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «... مېنىڭ «ئاشىق»لىرىم بۇ دۇنيادىكى ھەممە جاپا - جەبىرلەرگە بەرداشلىق بېرىپ شۈكرى قىلىشقا، «ئاخىرەت»لىكىنى ئىزدەشتە، «ئىبادەت كامىللىقى»غا يېتىشكەنلەردۇر...».

(2) بۇ «ئاشىق»لار ئاساسەن «تىلەپ»، «دۇئا» بېرىپ، «تەسىر» كۆرسىتىپ، چۆمكەش بېقىپ «ھەق» ئېلىپ تېپىپ يەپ - ئىچىپ، كىيىپ، خەجلەپ كۈن ئۆتكۈزۈشمەكتە. «مازار»، «زەراتلىق»، «سىرلىق جاي»، «سىرلىق» نەرسىلەرنىڭ، «سىرلىق ئاغرىق - سىلاق»، «خەۋپلىك تەگكەن جىن»، «شەيتان»، «دىۋە - پەرى» ۋە باشقا غايىب «كۈچ»لەردىن خالاس قىلىپ، قوغداپ (ئەمەلىيەتتە خەلقنى ئالداپ) «خۇدايىم بەرگەن رىسقى» بىلەن (ئەمەلىيەتتە ھارام نىيەت ۋە ھارام تۇرمۇشتا بولۇپ) جاھاندارچىلىق قىلىشماقتا. مېنىڭچە بۇ خىل «ئاشىق»، «مۇرىت»لار ھەم ئۇنداقلارنىڭ «پىر»، «ئۇستاز» يېتەكچىلىرى

ھازىرقى چاغلاردا يەنىلا بىر قىسىم جايلاردا مەلۇم سالماقنى ۋە مەلۇم تەسىر دائىرىنى تەشكىل قىلمىشۋاتىدۇ. بۇ خىل قىلمىشلار تېگى - تەكتىدىن ئالغاندا ئىسلام دىنى نامى بىلەن ياكى شۇ دىننىڭ بەزى توغرا ئەقىدىلىرىگە قىستۇرۇلۇپ ئوتتۇرىغا چىقىرىلغان، ئىسلامغا زىد، ئىجتىمائىي ئەمەلىيەتكە خىلاپ، ھاياتقا مۇخالىپ - زىيانلىق جىنايى ۋەقەلەردۇر. بۇ خىل قىلمىشلارنىڭ ئىجادچى «پىر»لىرى «قۇرئان كەرىم»نىڭ: «ئۆزىنىڭ روھىنى پاك يېتىشتۈرگەنلەر تەھقىق مۇرادىغا يېتۇر؛ ئۆزلىرىنىڭ روھىنى بۇزغانلار تەھقىق مۇرادىغا يېتەلمەس...» (91- سۈرە 9—10- ئايەتلەر) دېگەن ھەدىسىدىكى «روھىنى بۇزغان»لاردۇر. «قۇرئان كەرىم»دە بۇنداقلاردىن قەتئىي ساقلىنىش توغرىسىدا مۇنداق دېيىلگەن: «مەخلۇقاتنىڭ شەررىدىن (ئازدۇرۇشى، قېنىدىن چىقىرىشى، ئىسكەنجىگە ئېلىشىدىن دېمەكچى— ئا)، تۈگۈنلەرگە دەم سالغۇچى سېھىرگەرلەرنىڭ شەررىدىن، ھەسەتخورنىڭ ھەسەت قىلغان چاغلىرىدىكى شەررىدىن، سۈبھىنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاھقا سېغىنىپ پاناھ تىلەيمەن دېگىن» (113- سۈرە خەلەق 5- ئايەت) .

## سەھىپىمىزگە تەۋسىيەلىك خاتىمە

ئىسلام دىنى— جاھالەت ئەمەس. ئاللاھنىڭ كالامىغا، ئاللاھنىڭ كالامىغا مەنسۇپ ھەدىس، تەلىم - ئەھكاملارغا ئاساسلانغۇچى دىنىي ئۆلىما، پېشىۋالارنىڭ ھېچبىرى زادىلا جاھالەتچى ئەمەس. بىز ئەزەلدىنلا ھەقىقىي ئىسلام دىنىنى، ئىسلام دىن ئۆلىما - ھالىملىرىنى، ۋەتەنپەرۋەر، خەلق سۆيەر دىنىي ئەربابلارنى، دىنغا سادىق پىداكار دىن مۇخلىسلىرىنىڭ ھەممىسىنى ناھايىتى سەممىي سېغىنىپ، ھۆرمەتلەپ، دىنىي ۋە ئىجتىمائىي تىرىكچىلىكىمىزنىڭ روھىي مەنبەسى، قەلبداش ھەمىيارانلىرى ھېسابلاپ كەلگەنمىز. بۇنداق قىلىش بىزنىڭ تارىختىن بېرى داۋام ئەتكۈزۈپ كەلگەن مۇقەددەس ئەنئەنىۋى دىنىي ئەخلاقىمىز ۋە دىنىي مەۋقەئىمىزدۇر. لېكىن بىز مىللىتىمىزنىڭ، خەلقىمىزنىڭ سۈپىتى، مەدەنىيىتى، تەرەققىياتى يەنىلا ھازىرقى دۇنياۋى سەۋىيىدىن ئارقىدا تۇرۇۋاتقان، دۇنياغا يۈزلىنىشىمىز، تەرەققىي قىلغان ھازىرقى زامان مىللەتلىرى ۋە خەلقلىرى بىلەن قاتارلىشىشىمىز تېخى گۇنۇس تۆۋەن ئەھۋالدا قېلىۋاتقان ھازىرقى ھالىتىمىزدە، ئىسلام دىنى ۋە دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ ھەممىسى بۈگۈنكى دۇنياغا يۈزلىنىپ - ئۆرلەپ كېتىۋاتقان مۇشۇ چاغلاردا بىز تارىختا پەيدا بولۇپ تارىختا يوقالغان، ئارخىپ بولۇپ كەتكەن، تارىختا يامان - سەلبىي رول ئوينىغان ياكى ئىستېمالدىن پۈتۈنلەي قالغان زىيانلىق ئەنئەنىۋى كونا «ئېتىقاد» (دىنىي ئىدىيە)، كونا ئادەت (ئىجتىمائىي ئىدىيە)، كونا تۇرمۇش، كونا «ئەخلاق»... چۈشەنچىلىرىمىزنى يەنىلا تاشلىۋەتمەي، ئايدىڭلاشتۇرماي، ئۆزگەرتمەي، يېڭىلىماي، ئەتراپىقا قارىماي «مۇقەددەس مىراس»، «مۇقەددەس ئېتىقاد» ۋە «مۇقەددەس ئادەت»«ئەجداد تەۋەرۇكى»قاتارىدا قاراقويۇق ئۆز پېتىچە ساقلاپ، جىمجىتلا ئەتىۋارلاپ تېۋىنىۋېرىپ، كېتىۋېرەلمەيمىز. نېمىنىڭ دىن، نېمىنىڭ «دىن» ئەمەسلىكىنى، كىملەرنىڭ دىنچى ۋە كىملەرنىڭ يالغان «دىن»چى ئىكەنلىكىنى، دىن بىلەن خۇراپاتلىقنىڭ پەرقىنى سۈرۈشتۈرمەي، ئايرىماي، بىلمەي «شۇنداق» دەپلا يۈرگۈچى روھىي ئۆلۈك، «تەلەي» پەرەسلەردىن بولۇپ كېتىۋېرەلمەيمىز. بۈگۈنكى دۇنيادا بىزنى يەنىلا دىنىي خۇراپات بىلەن، «دىنىي» ئەربابلار («خوجا»، «ئىشان»، «پىر»، «سوپى»، «كارامەتچى»، «ئۇلۇغ»لار...) قولى ۋە يولى بىلەن تۇتۇشقا ئۇرۇنغۇچى ھەرقانداق كۈچنىڭ «ئىلتىپات» تەدبىر-

لىرىگە سۈكۈت قىلىپ كېتىۋېرەلمەيمىز. بىز مۇسۇلمانچىلىق مەۋقەئىمىز بىلەن ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ: «... توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام... ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش، ئۇنىڭغا ھېچنەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاللاھنى قويۇپ بىر - بىرىمىزنى خۇدا قىلىۋالماسلىقتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپكە ئورتاق بولغان ئەقىدىگە ھۆرمەت قىلايلى...» («سۈرە ئال ئىمران» 64- ئايەتتىن)، «مۇسۇلمان كىشىنىڭ بىراۋغا بولغان مۇھەببىتى ياكى نەپرىتى ئۆز مەقسىتى ئۈچۈن ئەمەس، ئاللاھ ئۈچۈنلا بولۇشى لازىم...» («مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» 334- بەتتىن) دېگەن ئايەت، تەلىملىرىدىكە ئەمەل قىلىپ، خەلقىمىز ئارىسىدا بىر - بىرىنى «خۇدا» قىلىۋېلىپ («ئۇلۇغ زات»، «دىن ھامىيسى» بولۇۋېلىپ)، ھەرىكەت قىلىشىۋاتقان بۇ خىل كۈچلەرنى- ئىسلام دىنىنى بۇزغۇچى جاھالەت كۈچلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ ھەر «ئىككى»لا ئالەملىك قەبىھ دۈشمەنلىرى قاتارىدا قارىلايمىز.

ئۇلار ھازىرغىچىلىك يەنىلا بىزنىڭ سەھىيە، نىكاھ، ئەخلاق، قانۇن - تۈزۈم، جەمئىيەت ئامانلىقى، ئاياللار، بالىلار خىزمىتى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى خىزمىتى، دىنىي، سىياسىي خىزمەتلەر، تۇرمۇش، ئۆرپ - ئادەت، ئېتىقاد ۋە باشقا ئومۇمىي ئىشلار ۋە ھەرىكەتلىرىمىزگە زىيانلىق قىلمىش، سۆز- ھەرىكەتلىرى بىلەن زىيانلىق تەسىرلەرنى پەيدا قىلماقتا. ۋەھالەنكى بىزنىڭ ھازىرقى بەزى كۈچلىرىمىز (ئايرىم كادىرلار، پارتىيە، ئىتتىپاق، مائارىپ، مەدەنىيەت، ئىلىم- پەن، سىياسىي، قانۇن، دىنىي ئىشلار ۋە باشقا ساھەلەردىكى بەزى ئىسلام ئەقىدىسىدىكى كىشىلەر) ھېلىمۇ بەزى جايلاردا بۇ خىل جاھالەتلىك قىلمىشلارنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى ۋە ئەۋج ئېلىپ كېتىشى بىلەن دېگەندەك كارى بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا بەزىلىرى دىن بىلەن جاھالەتنىڭ چەك - چېگرىسىنى ئېنىق ئايرىيالماي، جاھالەتنى قانۇنلۇق «دىنىي ئىش»، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا ئارىلىشىشىغا، چەكلىشىگە يول قويۇلمايدۇ دەپ قارىشىۋاتىدۇ. ئەڭ يامىنى بەزىلەر ئۇلارنى «ئەمگىكىگە تايىنىپ جان بېقىۋاتىدۇ»، «ئۆز ئارتۇقچىلىقىغا تايىنىپ پۇل، مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇۋاتىدۇ، بۇ- يامان ئىش ئەمەس، ياخشى ئىش ...» دېيىشىپ، بۇنداق «دىن»چى «پىر»لارغا يار - يۆلەك بولۇشۇۋاتىدۇ. «دۇئا ئوقۇش»، «پال سېلىش»، «ئاشىق»، «مۇرىت» بولۇش، پىرە ئوينىتىش، «پىر»لىق قىلىش، «پىر» تۇتۇش، دىن نامى بىلەن مۇسۇلمانلارنى ئالداش، ئالدىنىش ...لارنىڭ ھەممىسى ئىسلام دىنىدا يوق، رەزىل غەيرىي «ئېتىقاد» ئىكەنلىكىنى يۈرەكلىك ئېيتىشالمايۋاتىدۇ. قۇرئان ۋە قۇرئان تەپسىرىگە، مۇشۇ دائىرىدىكى دىنىي دەستۇرلەرنىڭ ھەممىسىگە، ئىسلامنىڭ پەرز، سۈننەت، ئەھكام، ئەقىدە - پرىنسىپلىرىنىڭ ھەممىسىگە، ئۆز چۈشەنچىمىزدىكى مەزھەب ئۇقۇمىمىز بويىچە سادىق بولغان ھالدا بارلىق مۇسۇلمان يارەنلىرىمىزنى، جەمئىيەت كۈچلىرىنىڭ ھەممىسىنى، ئىسلام ئەقىدىلىرىگە زىت، «پرىنسىپ»لىرى خۇنۇك، مۇجمەل، يېتەكچىلىرى دۇقمىسىز، قارا كۆڭۈل، «دىنىي» ئىستىلى سۈيىقەستچىلىكتىنلا ئىبارەت بولغان بۇ ئېقىمغا (بارلىق ئۇسال، تىرىكتاپ، ساختىپەز ئادەملەر ئېكىنىۋالىدىغان بۇ ئىپلاس قورغانغا) ۋە ئۇنى «دىن» شەكلى بىلەن بىرگە تېڭىپ كېلىۋاتقان بىر سىقىم جاھالەت ھامىيلىرىنىڭ ھەممىسىگە قەتئىي قارشى تۇرۇشقا، يول قويماسلىققا، چەكلەشكە، پاش قىلىشقا چاقىرىمىز. بىز دىنىي زاتلىرىمىزنى، ھېلىمۇ يەنىلا غايىبانە ئىخلاسمەنچىلىككە، بىھۇدە ئېتىقادقا ئەسىر بولۇپ كېلىۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ نەزەرىدە مەلۇم ئېتىقاد ۋە ھۆرمەت ئوبيېكتىغا سازاۋەر بولۇپ تۇرۇۋاتقان،

«ئىمان» تونىغا يوگىنىۋالغان يالغان «دىن»چى مەككارلارنىڭ ھەرىكەتلىرىگە قارشى ھەقىقىي ئىسلام ئىستىلى بىلەن تاقابىل تۇرۇشلىرىنى تەۋسىيە قىلىمىز. جاھالەتكە تەڭ تاقابىل تۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ۋىجدانى بۇرچىمىزدۇر.

مۆھتەرەم يارەنلىرىمىزنىڭ دىققەت - ئېتىبارلىرىغا تارىختا ئۆتكەن مۇسۇلمان كىلاسسىك ئەدىبلەرنىڭ جاھالەتچىلىكنى سۆكۈپ بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن تۆۋەندىكى مىسرالىرىنى ھاۋالە قىلىمىز:

جاھالەت ئەھلى بىلەن قىلما سۆھبەت،
يېتەر ھەر دەم بۇ ئىشتىن جانغا زەخمەت.
..........................
جاھالەت ئەھلى تاپماس ئارزۇ - ئىززەت،
بۇ خام مېۋە - يە پۇراق يوق، يە لەززەت.
..........................
قېرىنداش بولسىمۇ جاھىل، كېچىپ كەت،
راھىتىدىن كۆپ ساڭا زىيانى - زەخمەت.
ناسىر خىسراۋ

نادانىدىن زارلايدۇ ھەتتا تاغۇ - تاش،
نادانغا تەنتەنە بولمايدۇ يولداش.

نادانلىقتىن يامانلىق كېلىدۇ پەقەت،
نادانغا يولىما باسىمسۇن غەپلەت.

پاتقاقتىن خارراقتۇر جاھاندا نادان،
بىرەر ياخشىلىقتىن خالىدۇر ھامان.

پەقەت يامانلىقتۇر ناداندىن ئەسەر،
بىلمىسەز بار ياققا تاشلىما نەزەر.
ئوبۇلقاسىم پىردەۋسى

قول ۋە ئازادىغا مەلۇم ۋە ئايان،
دانا تىرىكتۇر ئۆلۈكتۇر نادان.

دانا سۆھبىتىدىن باش تارتسا نادان،
دەۋراندىن ياخشىلىق كۆرمەس ھېچقاچان.
ئابدۇراھمان جامى

---

پايدىلانغان ماتېرىيال ۋە مەنبەلەر:

① «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلىنىڭ 1982- يىل 4- ئاي سانىدا ھاجى نۇرھاجى ئاپتورلۇقىدا ئېلان قىلىنغان — «تەسەۋۋۇپ (سوپىزم)نىڭ مەيدانغا كېلىشى، تارقىلىشى ۋە ئۇنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا» دېگەن ئەسەر.

② ھىجرىيە 1226- يىلى ئۇيغۇر موللا مۇھەممەت ھۇسەيىن كۇچارى بىلەن موللا توختا خەلپەت قەشقەرلىكلەر تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «تەزكىرە پىر ياران» دېگەن پارىسچە قول يازما.

③ موللا مۇسا سايرامىنىڭ «تارىخىي ھەمىدىيە»، «تارىخىي ئەمىنىيە» دېگەن تارىخىي كىتابىنىڭ كونا، يېڭى، باسما ۋە قول يازما نۇسخىلىرى.

④ «مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى».

⑤ «قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمە نۇسخىسى. يەنە بەزى دىنىي ئەسەرلەر.

⑥ ئابدۇقادىر داۋۇت تەرىپىدىن تەييارلانغان «يەكەن تارىخى».

⑦ 1929- يىلى قاغىلىق چوپان ئازغانسال لىق دىنىي ئۆلىما سۇلتانباي ھاجىم تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «بورقۇم ئەۋلىيا» دېگەن قول يازما.

⑧ قەشقەردە نەشىر قىلىنغان «قەدىمكى كىتابلار تەتقىقات خەۋىرى»نىڭ 1984- يىل 2- سانىدا ئابدۇرېھىم توختى تەرىپىدىن تەييارلاپ ئېلان قىلىنغان ناۋائىينىڭ «مەھبۇبۇل قۇلۇب» دېگەن ئەسىرى.

⑨ مىلادى 1891- يىلى بۇگۈر يېڭىسارلىق ئەدىب موللا غۇلامىدىن تەرىپىدىن يېزىپ قالدۇرۇلغان «تارىخىمىزدىكى ئىسلامىيەت» دېگەن قىسقا قول يازما.

⑩ 1986- يىل 9- ئايدا گۇمىنىڭ شەيدۇللا دېگەن يېرىدىكى قىرغىز بەيشەك تۆرە قولىدىن تېپىلغان ئاپئاق خوجا ھەققىدىكى بىر قىسىم خاتىرە، ۋەسىقە، خەت - چەكلەر.

⑪ «تارىخىي رەشىدى»نىڭ خەلق ئىچىدە ساقلىنىپ يۈرگەن ئايرىم بۆلەك قول يازما، كۆچۈرۈلمىلىرى.

⑫ 1950- يىلىدىن 1986- يىلىغىچە مۇخبىرلىق ۋە باشقا ئىشلار سەۋەبى بىلەن جەمئىيىتىمىزدىن يىغىلغان ئەسلىمە، خاتىرىلىرىم.

⑬ بەزىبىر سىياسىي قانۇن، ئەدلىيە ئورۇنلىرى، دىنىي، ئىجتىمائىي، مائارىپ، مەدەنىيەت ... ئورۇنلىرى تەمىنلىگەن خاتىرە ماتېرىياللار.

⑭ باشقا مەنبە ۋە ماتېرىياللار، ئالاھىدە ئېلىنغان ئۈن ئالغۇ لېنتىلىرى.

قەلەمكەشلىك زۆرۈرىيىتى بىلەن سىتاتىلەردىن سىتاتىلەرنى، بەزى ئۇقۇم، جۈملىلەردىن جۈملىلەرنى ئەينەن كۆچۈرۈپ پايدىلىنىش توغرا كەلدى. ئۇستاز مۇئەللىپلەرگە رەھمەت.

1987- يىل 8- ئاي، ئۈرۈمچى

مەسئۇل مۇھەررىرى: قۇربان مامۇت



ژۇرنىلىمىزنىڭ «تارىختىن سۆز»، «ئۆرپ - ئادەتلەر» سەھىپىلىرىدە: «يېزىلمىغان ئەقىدە»، «قارا قۇرۇم ئۇيغۇرلىرىنىڭ ھازىرقى زامان ئۆرپ - ئادەتلىرى»، «تاجىكلار ھاياتىدىن خاتىرىلەر»، «جاھالەت پەرلىرى شىنجاڭدا» قاتارلىق بەلگىلىك تەسىرى كۈچكە ئىگە ئىلمىي ئەسەرلىرىنى كەڭ كىتابخانلىرىمىزغا تەقدىم ئەتكەن پېشقەدەم ژۇرنالىست، تارىخچى، ئېتنوگرافىيە تەتقىقاتچىسى نىزامىدىن ھۈسەيىن (توختى مەمەت ئاخۇن) ئەپەندى 1928 - يىلى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ چوپان يېزا ئازغانسال كەنتىدە تۇغۇلغان. 1945 - يىلىغىچە ئىپتىدائىي پەننىي ۋە دىنىي مەكتەپلەردە ئوقۇغان. 1945- يىلىدىن 1947 - يىلىغىچە ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ پامىر - قاراقۇرۇم (تاشقورغان، ئاقتۇ، قاغىلىق، يەكەن، گۇما تاغلىرى) قوراللىق پارتىزان قىسىملىرىغا قاتنىشىپ، سوقۇش سەپلىرىدە پارتىزان، رازۋېتچىك، ئاتلىق رازۋېتچىك، كىچىك ئوفىتسېر بولۇپ ئىشلىگەن. «بېتىم»دىن كېيىن گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن قاغىلىق، يەكەنلەردە بىر مەزگىل قامالغان. 1947 - يىلىدىن 1950 - يىلىغىچە شىنجاڭ دارىلفۇنۇنى (شىنجاڭ شۆيۈەن)نىڭ ئىجتىمائىي پەن (تارىخ، جۇغراپىيە، تىل) فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان. 1950 - يىلى ج ك پ شىنجاڭ ئۆلكىلىك شوبە بىيورۇ پارتىيە مەكتىپىنىڭ تۇنجى قارارىدا ئوقۇغان. شۇنىڭدىن تارتىپ ھازىرغىچە «شىنجاڭ گېزىتى»دە مۇخبىر، مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

نىزامىدىن ھۈسەيىن ئەپەندى جۇڭگو ئەل ئەدەبىياتى تەتقىقاتى جەمئىيىتى شىنجاڭ شۆبىسىنىڭ ۋە ش ئۇ ئا ر ئاخباراتچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

مۇھەررىردىن




## 1

### ئەدەپ دېگەن نېمە؟

ئەدەب ـ ھەر بىر ئەھۋال ۋە ئادەتتە ئەقىل كۈچى بىلەن ھەرىكەت قىلىش، يەنى ناچار ئىشتىن، يامان سۆزدىن ئۆزىنى تارتىش، ئۆزىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭمۇ ئىززىتىنى ساقلاپ، ئابرۇيلىرىنى تۆكمەسلىكتۇر. ئەدەب ئىنسان كامالىتىنىڭ بىرلەمچى ئامىللىرىدىن ھېسابلىنىدۇ. بەدىنىمىزنى قۇۋۋەتلەندۈرۈش ئۈچۈن يەپ-ئىچىشكە مۇھتاج بولغىنىمىزدەك، ئىنساننىڭ ئەقلىمۇ ئەدەبكە مۇھتاجدۇر. ئەدەبلىك بولمىغان ئەقىل قورال ـ يارىقى بولمىغان باھادىرغا ئوخشاش بولۇپ، ھېچبىر ئىشنى قىلالمايدۇ، ئەكسىچە دۈشمەنلەرگە مەغلۇپ بولىدۇ. ئۆزىنى ئەدەب بىلەن زىننەتلىمىگەن ئادەم دۈشمەنلىرىنى خۇشال قىلىدۇ، دوستلىرىنى بولسا خاپا قىلىدۇ.

ئەدەپسىز ئاتىنىڭ پەرزەنتى ئەدەبلىك ۋە پەزىلەتلىك بولسا، ئاتىسىنىڭ ئەيىب ۋە نۇقسانلىرى بىلىنمەيدۇ. ئەگەر پەرزەنت ئەدەبسىز بولسا، ئاتىسى ھەر قانچە ئۇلۇغ ۋە پەزىلەتلىك بولسىمۇ ئۇنىڭ مەرتىۋە ھەم پەزىلەتلىرىنى يوققا چىقىرىپ، ئائىلىدە سوغۇقچىلىق ۋە بەختسىزلىك ئۇرۇقلىرىنى چاچىدۇ. ھەر نەرسە كۆپەيگەنسېرى ئەرزان بولىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە ئەدەبنىڭ قىممىتى كۆپەيگەنسېرى ئاشىدۇ. قىسقىسى، ئەدەب بولسا ئەقىلگە نۇر بېغىشلىغۇچى ۋە سالامەتلىكنىڭ سەرمايىسىدۇر. بۇنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ چارىسى: ئەدەبلىك ۋە تەربىيە كۆرگەن ئادەملەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش، تەربىيە ۋە ئەدەبتىن مەھرۇم قالغانلاردىن يىراقلىشىشتۇر. ئەدەبسىزلىك بولسا قانۇن ۋە ئەخلاققا قارىمۇ ـ قارشى بولغان ناچار ئىشلار ۋە يامان سۆزلەرنى ھېچبىر نومۇس قىلماي قىلىش ۋە سۆزلەشتۇر.

بىر قانچە گۈزەل ھەرىكەت ۋە ئادەتلەر باركى، بۇلارنى بىجىرىش ھەر بىر ئەخلاقلىق، تەربىيە كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ۋەزىپىسىدۇر. مەسىلەن: پۈتۈن ۋۇجۇدىمىزنى، كىيىم-كېچەكلىرىمىزنى پاك تۇتۇش، باشقىلارغا خۇشخۇي مۇئامىلە قىلىش، ئامانەتكە خىيانەت قىلماسلىق، كىشىلەرنى يوقلاپ، ئەھۋال سوراش، نازاكەتلىك، مۇلايىم، ئوچۇق چىراي، شېرىن سۆزلۈك بولۇش، كىشىلەرنى رەنجىتمەسلىك، ئاتا ـ ئانا، ئۇستازلارغا ئىتائەت قىلىش، ئومۇمەن كىشىلەرگە يامان كۆرۈنىدىغان ھەر تۈرلۈك ئىش ـ ھەرىكەتلەردىن ساقلىنىپ، ئېسىل پەزىلەتكە ئادەتلىنىشتۇر. بۇنداق ئېسىل پەزىلەتلەرگە ئادەتلەنگەنلەر كامالەتكە يېتىدۇ.

## تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى

## 2

قەدىمكى ئەرەب شائىرلىرىدىن بىرسى كىتاب ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: «سۆزلىرى مالال كەلمەيدىغان ۋە بىزنىڭ قول ئىلكىمىزدە بولسۇن - بولمىسۇن ئىشەنچلىك، ساداقەتلىك سۆھبەتداشلىرىمىز بار. ئۇ ئۆتكەن زامان ۋەقەلىرىدىن بىلگەنلىرىنى بىزگە يەتكۈزىدۇ، بىزگە مەسلىھەت، ئەدەب ۋە مۇستەھكەم ئىرادە بەخش ئېتىدۇ، ئۇلاردا قورقۇنچلۇق كېسەللىك، خەۋپلىك ھالەت يوق، قوللىرىنى شىلتىپ، مۇشتلىرىنى تەڭلەپ بىزنى قورقۇتمايدۇ، ئۇلارنى ‹تىرىك› دېسەم يالغانچى بولمايمەن، ‹جانسىز› دېسەم ئەقىلسىز ھېسابلانمايمەن. جاھاندا ئۇلاردىن ياخشىراق دوست يوق، كىشى يالغۇز قالسا ئۇلار زېرىكتۈرمەيدۇ، ئۇلاردا ئارام بېرىش باركى، ئازار بېرىش يوق.»

## 3

ئۆزىگە مۇناسىپ بولمىغان ئىشقا كىرىشكەن كىشى ئاخىرى مەغلۇب بولىدۇ. ھەر ئىشنىڭ ئۆز ئەھلى، ھەر بىر يىغىلىشنىڭ ئۆزىگە مۇناسىپ سۆزى بار. ئەقىللىق كىشى ئۆز ھۈنىرىگە، ئۆزىگە لايىق ئىشقا كىرىشىدۇ. تەبىئەت زاۋۇتلىرىدا ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە لايىق تونى (كىيىمى) تەييارلانغان. موزدۇز دوپپا تىكىمەن دېسە بۇزۇپ قويىدۇ، تىبابەتچىلىكتىن خەۋىرى بولمىغان كىشى تېۋىپلىك قىلسا، بىمارنى ھاياتىدىن مەھرۇم قىلىدۇ. «قۇشقاچ سويىسىمۇ قاسساپ سويسۇن» دەپ بىكار ئېيتىلمىغان.

تونۇلماس سىركىدە مەينىڭ كەيپى ھېچ،
كۆرۈلمەس تىكەندە گۈل جامالى ھېچ.

## 4

مۇھەممەت زەھىرى سەمەرقەندى مۇنداق دەيدۇ:

— ناۋادا بىغەملىك ۋە خاپىلىق يۈز بېرىدىكەن، ياخشى پۇرسەت قولدىن كېتىپ قالىدۇ، ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن ئەپسۇسلىنىش بىمەنىلىك ۋە پايدىسىزدۇر.

## 5

ھىندىستان دانىشمەنلىرى دوستلۇق ھەققىدە مۇنداق دېيىشكەن:

— پاراۋانلىقنى ئويلىماي بەختلىك بولغىنىڭدىمۇ دوست - يارەنلىرىڭنى كۆپەيت، دېڭىز تولۇپ تاشقىنى بىلەنمۇ دەريا يەنىلا سۇغا مۇھتاج بولىدۇ.

— بەرمەك ۋە ئالماق، سىر ئېيتماق ۋە ئاڭلىماق، زىياپەتتە بولماق ھەم زىياپەت بەرمەك — بۇ، دوستلۇقنىڭ ئالتە شەرتىدۇر.

— دوستلارنىڭ ياخشىسى ھەر ۋاقىت ھەمدەملىرىنى ئۆز شەپقىتى سايىسىدە تۇتىدۇ ۋە پايدا - مەنپەئەت ئىشىكىنى ئۇلارغا قارىتىپ ئېچىپ قويىدۇ، تىلەكلىرىنى ۋە ھاجەتلىرىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

## 6

ئەبۇ پەييان بىرۇنىي «ھىندىستان» دېگەن مەشھۇر ئەسىرىدە مۇنداق بىر ھېكايەتنى نەقىل كەلتۈرىدۇ:

ئەبۇ ئازىد ئەل باستامىيدىن: «ئېرىشكەن مەرتىۋەڭگە نېمە بىلەن يەتتىڭ؟» دەپ سورالغاندا، ئۇ: «يىلان ئۆز قاسىرىقىدىن كەچكەندەك، مەنمۇ ئۆز نەپسىمدىن ۋاز كەچتىم، شۇندىن كېيىن مەن ئۆز ۋۇجۇدۇمغا شۇنداق قارىسام، مەن ئۇنىڭ يەنى ھەقنىڭ ئۆزى بولۇپ قاپتىمەن» دەپ جاۋاب بەرگەن.

## 7

بۈيۈك ئەلشىر ناۋائى ياخشىلىق ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ:

— ياخشىلىق قىلالمىساڭ، يامانلىقمۇ قىلما. ياخشىلىقنى بىلمىسەڭ ياخشىلارغا قوشۇل، ياخشىلىق ئەتراپىدا يۈرەلمىسەڭ ياخشىلار ئەتراپىدا يۈر.

---

دانىشمەنلەر «ئەدەب- ئەخلاق توغرىسىدا» دېگەن ئۆزبېكچە كىتابتىن: **جېلىل مۇھەممەت** تەرجىمىسى



# شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىنىڭ ھازىرقى رېئال ئەھمىيىتى توغرىسىدا

(ئاپتونوم رايون بويىچە تۇرپاندا ئېچىلغان «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئىجادىيىتىگە بېغىشلانغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى» دا سۆزلەنگەن)

**تۇرغۇن ئالماس**

1

ئالىيجاناب غايىگە، يۈكسەك تالانتقا، ئېگىلمەس - سۇنماس ئىرادىگە ئىگە ۋەتەنپەرۋەر ئىلغار شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە 54 يىل بولدى.

يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر، ئازادلىق ۋە مەرىپەت كۈيچىسى شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا، زۇلمەت قاپلىغان قاراڭغۇ جەمئىيەتتە ياشىدى ۋە ئىجاد قىلدى.

زۇلۇم— جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىقنىڭ ئەشەددى دۈشمىنى بولغان شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلق ئاممىسىنىڭ دەرد- ئەلەملىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن ۋە خەلقنىڭ ئارزۇ- ئۈمىدلىرىنى سەزگۈرلۈك بىلەن ئۆز ۋاقتىدا بايقاپ، ئەركىنلىك ۋە مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرگەن، ئالىيجاناب، قەھرىمان، ئىنقىلابىي شائىر ئىدى.

1930 - يىللىرى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭى باشلانغاندا، شائىرنىڭ «ئاچىل»، «ئويغان» ناملىق شېئىرلىرى خەلق ئاممىسى ئارىسىغا تارقىلىپ، خەلقنى ئەركىنلىك، باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن كۈرەش قىلىشقا چاقىرىدىغان جەڭ سىگنالىغا ئايلانغانىدى. بۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقۇپ كەتكەن جىڭ شۇرىن «ئاچىل» ناخشىسىنى ئوقۇغانلارنى جازالاش پەرمانىنى چىقارغانىدى.

تارىختا بىرەر شائىر، يازغۇچىنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ياراتقان تۆھپىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى باھالاشتا شائىر، يازغۇچىلارنىڭ يازغان ئەسەرلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئەمەس، ئۇلارنىڭ خەلق مەيدانىدا باشتىن - ئاخىرىغىچە تەۋرەنمەستىن مەزمۇت تۇرغانلىقى، ئەسەرلىرىنىڭ ئۆز دەۋرىدە خەلقنىڭ قەلبىگە چوڭقۇر ئورناپ، ئىلغار رول ئوينىغانلىقى، بولۇپمۇ قاراڭغۇلۇقتا قالغان خەلقنىڭ كېلەچەك ھاياتىدا ئازادلىق تېڭىنىڭ مۇقەررەر يورۇيدىغانلىقىدىن بېشارەت بەرگەنلىكى ئاساس قىلىنىدۇ.

رۇس خەلقىنىڭ بۈيۈك مىللىي شائىرى «رۇس شېئىرىيىتىنىڭ قۇياشى» نامىنى ئالغان پۇشكىن ئۆز ئۆمرىدە كۆپ ئەسەرلەرنى يازغان بولسىمۇ، ئۇنى دۇنياۋى شۆھرەتكە، مەڭگۈلۈك ھۆرمەتكە ئىگە قىلىشتا «چائادايېۋقا»، «سىبىرگە خەت» ناملىق شېئىرلىرى ئاساسلىق رول ئوينىغانىدى.

پۇشكىن 1825 - يىلى ئۆزىنىڭ يېقىن دوستى چائادايېۋقا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدا:



دوستۇم ئىشەن، چاقناپ چىقىدۇ بىر كۈن،
دىلبەر بەختىنىڭ يورۇق يۇلتۇزى.
رۇسىيە ئۇيقۇسىدىن تېز ئويغىنىدۇ،
ۋە ھاكىم مۇتلەق ۋەيرانىسىغا،
بىزنىڭ نامىمىزنى چوقۇم يازىدۇ

دەپ خىتاب قىلغان بولسا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» دېگەن شېئىرىدا:

چىقار بوران تەرەپپال ئەگەر ھېچ ئويلىماي تۇرساڭ،
ئەگەر قاتتىق چىقىپ كەتسە، يېپىپ تۈگلۈك ئالالـ
غايمۇ دەپ يازدى.

شائىر بۇ شېئىرىدا، «بوران» نى ئىنقىلاب مەناسىدا ئالغان بولۇپ، ئىنقىلاب بورىنى قاتتىق چىقىدىغان بولسا، ئىنقىلاب دۈشمەنلىرىنىڭ مۇداپىئەلىنىشكە ئۈلگۈرەلمەيدىغانلىقىنى «يېپىپ تۈگلۈك ئالالمىغايمۇ» دېگەن ئوبرازلىق ۋاسىتە بىلەن ناھايىتى جانلىق تەسۋىرلىگەن.

شائىر «سېغىنىش» دېگەن شېئىرىدا:

«كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس» ئابدۇخالىق كۈت ئۈمىد،
سېغىنغانىڭ كېلىدۇ، سۆزلۇر شۇندا جاھان

دەپ ئۆزىنىڭ يورۇق كېلەچەككە بولغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى ئىپادىلىگەنىدى.

پۇشكىننىڭ چائادايېۋقا بېغىشلاپ يازغان شېئىرىدىكى رۇسىيەدە ئازادلىق تېڭىنىڭ ئاتىدىغانلىقىغا بولغان ئىشەنچىسى، رۇس خەلقىنىڭ 1917 - يىلى لېنىن رەھبەرلىكىدە، چارىزمىنىڭ مۇستەبىت ھاكىمىيىتىنى ئاغدۇرۇپ تاشلاپ، «مىللەتلەر زىندانى» دەپ نام ئالغان رۇسىيەدە سوتسىيالىزم جەمئىيىتىنى قۇرۇش بىلەن ئىسپاتلانغان بولسا، ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ «ئۈزۈلمەس ئۈمىد» دېگەن شېئىرىدىكى غايىسى 1931 - يىلى قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ پۈتۈن شىنجاڭنى قاپلىغان ئىنقىلابىي بورىنىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدە جىڭ شۇرېننىڭ ھاكىمىيىتىنىڭ ئاغدۇرۇلغانلىقى بىلەن ئىسپاتلاندى.

2

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر 20 - ئەسىرنىڭ 20 - يىللىرىدا ئەركىنلىك، باراۋەرلىك، مەرىپەت مەشئىلىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، نادانلىق، خۇراپاتلىققا قارشى ئىسيان كۆتۈرگەنىدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر خەلقىنى جاھالەت، نادانلىق، خۇراپاتلىق ئاسارىتىدە قالدۇرۇشنى ئۆز ھۆكۈمرانلىقىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ ئۈنۈملۈك تەدبىرى قىلىۋالغان ياڭ زېڭشىن، جىڭ شۇرېنلەرگە، يەرلىك ئەكسىيەتچى فېئوداللارغا، ئىسلام دىنىنى خۇراپاتنىڭ ئىس - تۇتەكلىرى بىلەن بۇلغاپ، خەلقنى ئالداپ جان بېقىشنى كەسىپ قىلىۋالغان جاھىل، يۈزسىز روھانىيلارغا قارشى لەنەت - نەپرەت ياغدۇرۇپ، خەلقنى نادانلىق، خۇراپاتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن كۆكرەك كېرىپ مەيدانغا چىققانىدى.

شائىر 1925 - يىلى يازغان «ھار» شېئىرىدا، خەلقنى نادانلىق ئۇيقۇسىدا مەڭگۈ ئۇخلىتىپ، خار - زارلىقتا قالدۇرۇش ئۈچۈن، خۇراپاتلىقنى جېنىنىڭ بېرىچە تەرغىب قىلىپ، ئىلىم - پەنگە غالجىرلىق بىلەن قارشى تۇرىدىغان جاھىل روھانىيلارنى قاتتىق قامچىلاپ، خەلققە نادانلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ يولىنى كۆرسىتىپ:

پەنگە قارشى كاپشىماق، خۇددى ئىتتەك ھاۋشىماق،
خارۇ، زەبۇن ياشىماق تەتۈر-تەرسا نادانىڭكى.
ئىلىم-پەنگە يول ئېچىپ، جەۋلان قىلىپ نۇر چېچىپ،
كۆكرەك كېرىپ يايرىماق، تەدبىر، ئەقىل تاپـ
قانىڭكى

دەپ يازغانىدى.

شائىر نادانلىقتا قېلىشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك ئىكەنلىكىدىن چۆچۈپ، «غەزەب ۋەزار» دېگەن شېئىرىدا:

ئىلىم - پەندىن يوق خەۋەر، باستى غەپلەت،
خەۋپ - خەتەر،
ھالىمىز قولدىن بەتەر، قانداق چىداپ تۇرامەن

دەپ يازدى.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ مەرىپەتپەرۋەرلىكى چوڭقۇر تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپلا قالماستىن، ھازىرمۇ ئالاھىدە رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشاۋاتقان بولساقمۇ، خەلقىمىز ئۆتمۈشتىكى كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرىدىن تېخى قۇتۇلۇپ كەتكىنى يوق. چۈنكى لېنىن ئېيتقانىدەك: «كونا جەمئىيەت ھالاك بولغان چاغدا، ئۇنىڭ جەسىتىنى تاۋۇتقا سېلىپ كۆمۈپ تاشلىغىلى بولمايدۇ». سوتسىيالىزم جەمئىيىتىدە كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ تەسىرى مەلۇم مەزگىل مەۋجۇد بولۇپ تۇرىدۇ.

ھازىر خەلقىمىزنىڭ نادان قاتلىمىدا خۇراپاتلىققا ئىشىنىش خېلى ئېغىر. يىراققا بارماي كۆز ئالدىمىزدىن مىسال ئالىدىغان بولساق، پىچان تۇيۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھف مازارى»غا ھېلىمۇ شىنجاڭنىڭ بەزى جايلىرىدىن كىشىلەر كېلىپ تاۋاپ قىلىشىدۇ.

ئەمەلىيەتتە بولسا، پىچان تۇيۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھف» قانداقتۇر مانى ياكى خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن كەلگەن راھىبلارنىڭ جەسىتى كۆمۈلگەن مازارىمىش.

«قۇرئان كەرىم» دىكى 18 - سۈرە كەھف (مەككىدە نازىل بولغان 110 - ئايەت) كە ئاساسلانغاندا، ئەسھابۇل كەھفنىڭ زادى قەيەردە ئىكەنلىكى مەلۇم ئەمەس. سۈرە كەھفتە غارنىڭ ئىشىكى شىمال تەرەپتە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. تۇيۇقتىكى ئاتالمىش «ئەسھابۇل كەھف» مازارى (غارى) نىڭ ئىشىكى شەرق تەرەپتە بولۇپ، بۇنى ھازىر ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر بىلىدۇ.

سۈرە كەھفتە: «ئۇلارنىڭ ئىتى غارنىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتىدۇ» دېيىلگەن. تۇيۇقتىكى يالغان ئەسھابۇل كەھف مازارى (غارى)نىڭ بوسۇغىسىغا ئىككى پۇتىنى سوزۇپ ياتقان ئىتنى ھېچ كىشى كۆرگەن ئەمەس.

ئۆتمۈشتە، ھىيلىگەر شەيخلار ئۆز مەيلىچە پەتىۋا توقۇپ: «ھەرەمگە بارغانلارغا مەككە، مەدىنىدىكىلەر نېمە ئۈچۈن ئەسھابۇل كەھفنى (تۇيۇقتىكى يالغان ئەسھابۇل كەھفنى دېمەكچى) تاۋاپ قىلماي ھەجگە كەلدىڭلار» دەيدىكەن، دەپ نادان خەلقنى ئالدايدىغان سۆز - چۆچەكلەرنى تارقاتقان.

خۇراپاتلىقنىڭ يەنە بىر تۈرى ئىشانلىقتۇر. ھازىر خوتەن، يەكەن، قەشقەر قاتارلىق جايلاردا ئالدامچى ئىشانلار باش كۆتۈرمەكتە. خەلقنى ئالداپ، تەرك دۇنيالىق يولىغا باشلىماقتا.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ نادان خەلقنى ئاقارتىپ، مەرىپەت يولىغا باشلاش روھىغا ۋارىسلىق قىلىش ھازىرقى زاماندا ئىلىم - پەننى گۈللەندۈرۈپ دۇنياۋى سەۋىيىگە يېتىش، خۇراپاتلىققا قارشى كۈرەش قىلىش، خۇراپاتلىقنىڭ تەسىرىنى تازىلاشتا ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە.

بىزنىڭ يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئەسەرلىرىدە ھېلىغىچە مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا پۇتلىكاشاڭ بولۇۋاتقان خۇراپاتلىقنى كۈچلۈك ھەجۋى شەكىل ئارقىلىق پاش قىلىپ، چاۋىسىنى چىتقا يايىدىغان بولسا، يېقىن كەلگۈسىدە تەرەپ - تەرەپتىن پىچانغا كېلىپ تاۋاپ قىلىدىغانلار، تۇيۇقتىكى يالغان «ئەسھابۇل كەھف» نى ئەمەس، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ يېقىندا بىنا قىلىنغۇسى قەبرىگاھىنى زىيارەت قىلىدىغان بولىدۇ!

بەزى يازغۇچىلىرىمىز ۋە تارىخچىلىرىمىز ئىشانلارنىڭ ئاتالمىش «پىرى» ھېسابلانغان خائىن ئاپئاق خوجىنىڭ تارىختا (سەئىدىيە خانلىقى دەۋرىدە) ئۆتكۈزگەن كەچۈرگۈسىز جىنايەتلىرىنى پاش قىلىدىغان ئەسەرلەرنى يازغاندىن كېيىن، ئاۋام خەلقمۇ بارا - بارا قەشقەر قورغانىنىڭ دۆلەتباغ يېزىسىدىكى ئاپئاق خوجا مازىرىنى تاۋاپ قىلمايدىغان، ئەكسىچە قەشقەر ئوپالدىكى مەھمۇت قەشقەرىنىڭ قەبرىگاھىنى تاۋاپ قىلىدىغان بولدى.

## 3

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىكى تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغان يەنە بىر قىممەتلىك روھ ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىققا زىيان سالىدىغان بەزىبىر خۇشامەتچى، ئىچى تار، چېقىمچى، تۆھمەتخور ئىبلاسلارغا لەنەت - نەپرەت ئوقۇپ ئىتتىپاق-

لىقىنى قەدىرلەشتىن ئىبارەت.

شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇر ئۆز شېئىرلىرىدا، خۇشامەتچىلىك، يالاقچىلىق، چېقىمچىلىق بىلەن جان باقىدىغان ئىچى تار، ئىپلاس تۆھمەتخورلارغا چەكسىز غەزەپ - نەپرىتىنى ياغدۇرغانىدى.

ئۇ، 1921 - يىلى يازغان «باردۇر» ناملىق شېئىرىدا مۇنداق دەپ يازىدۇ:

بىرى- بىر ياخشىلىق قىلسا، ئۇنىڭ ياردەمىنى ئالماق يوق،
ئېپى كەلسە بېرىپ، ئەۋرەتلىرىنى ئاچقانىمىز باردۇر.
خۇشامەت بابىدا بىزدىن بۆلەك ئۇستىسى تېپىلمايدۇ،
قۇۋلۇقۇ- شۇملۇق بىلەن رەڭمۇ - رەڭ يالغانىمىز باردۇر.
قىزىل كۆزلۈك، كۆرەلمەسلىك ۋە يا ئۆزى قىلالماسلىق،
قىلاي دەپ بەل باغلىغانلارغا تۈرلۈك تۆمەن بوھتانىمىز باردۇر.

ئىتتىپاقسىزلىقنى پەيدا قىلىشتا مۇھىم رول ئوينايدىغان ئامىللارنىڭ بىرى بولغان چېقىمچىلىق، تۆھمەتخورلۇق، كونا جەمئىيەتتە قانچىلىغان ئالىيجاناب ئىلغار كىشىلەرنىڭ بېشىغا چىققان ئىنتايىن يامان خەتەرلىك ئاپەت ئىدى. شائىرنىڭ بۇنداق خەتەرلىك ئاپەتكە قەھرى-غەزىپىنى ياغدۇرۇپ، ئۇنى رەھىمسىزلىك بىلەن دۇمبالىشى چوڭ تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاندىن تاشقىرى ھازىرمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

ھازىر بىز سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ياشىماقتىمىز. سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە مىللەتلەر ئىناق، بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئىناق، بەختىيار ياشىماقتا. بۇنداق مىسلى كۆرۈلمىگەن ئىناقلىق، ئىتتىپاقلىقنىڭ بەخت - سائادەتلىك مەنزىرىسى ئازادلىقتىن كېيىنلا ۋۇجۇدقا كەلدى.

لېكىن، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىمۇ كونا جەمئىيەتتىن قالغان يامان ئىللەتلەرنىڭ قالدۇقلىرى تېخى ئۈزۈل -كېسىل تۈگەپ كەتكىنى يوق! ئۇنىڭ بىرى- ھېلىمۇ چېقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەرگە تۆھمەت قىلىپ جان بېقىشنى ئادەت قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ تىنىمسىقلاپ يۈرۈپ، تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ يۈرگەنلىكى ئەمەسمۇ؟

مانا شۇنداق يامان ئەھۋالنى نەزەرگە ئالغاندا، شائىر ئابدۇخالىق ئۇيغۇرنىڭ ئىتتىپاقلىقنى ئىنتايىن قەدىرلەيدىغان ئالىيجاناب روھىنىڭ ھازىرمۇ مۇھىم رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ.

ھازىر جەمئىيەتتە خەلق ئارىسىدا مۇنداق بىر گەپ ئېقىپ يۈرىدۇ: «بەزى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ زىيالىيلىرى ئىتتىپاقلىق ئارزۇسىنى كۆزدە تۇتۇپ، بىر - بىرىنى يۆلەپ، بېلى چىم بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇيغۇر زىيالىيلىرىنىڭ بەزىبىرلىرى بىر - بىرىنى غاجىلاپ چىشى تۆكۈلۈپ كەتتى».

خەلق، ئەنە شۇنداق كۈلكىلىك، ئاچچىق زاڭلىقلىرى ئارقىلىق، چېقىمچى، تۆھمەتخورلارغا نەپرەت بىلدۈرگەن. خەلقنىڭ ئەشۇنداق نەپرەتلىك، جانلىق، ئوبرازلىق سۆزلىرىدە ھەقىقەت يوق، دەپ كىم ئېيتالايدۇ.

بۇندىن كېيىن ئەدەبىيات - سەنئەت گۈلزارىمىزدا رەڭمۇ - رەڭ خۇش پۇراق، تۇزۇماس گۈللەرنى ئېچىلدۇرۇش ئۈچۈن «يازغۇچىلار كىشىلىك روھىنىڭ ئىنژېنېرى» دېگەن ئالىي پەزىلەتكە مۇناسىپ بولۇشتىن تاشقىرى، ئۆز ئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىش بەكمۇ زۆرۈر.

شۇنىڭ ئۈچۈن، يازغۇچى، شائىرلىرىمىز ئۆز ئەسەرلىرىدە خۇددى رۇس يازغۇچىسى گوگول «ئۆلۈك جانلار» رومانىدا، چىچىكوۋقا ئوخشاش ئالدامچىنىڭ ئوبرازىنى ياراتقاندەك، ھازىرقى

چاغدىمۇ چېقىمچىلىق قىلىپ، كىشىلەرگە تۆھمەت چاپلاشنى دەسمايە قىلىۋالغان ئىپلاسلارنىڭ ئوبرازىنى يارىتىپ، ئۇنداقلارغا نىسبەتەن ئاممىۋى خاراكتېرگە ئىگە لەنەت - نەپرەت كەيپىياتىنى قوزغاپ، تۆھمەتخور مۇناپىقلارنىڭ كوچىدا ئەركىن يۈرۈشى بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنداقلارنى ئۆز ئۆيىنىڭ ئىشىكىدىن بېشىنى چىقىرىشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايدىغان هالغا چۈشۈرۈپ قويۇشى زۆرۈر.

ئەگەر ئىجادىيەتتە خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىنى يەردە قويىدىغان بولساق، يولىغ تىكىن، يۈسۈپ خاس هاجىپ، مەهمۇت قەشقەرىدىن تارتىپ ئابدۇخالىق ئۇيغۇرغىچە ئۆتكەن ئەجدادلىرىمىزغا يۈز كېلەلمەيمىز، ئەۋلادلارنىڭ مەڭگۈ قاغىشىغا قالىمىز.

سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتە ئەركىن، بەختىيار ياشاۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى ئۇزاق ئۆتمۈشتە يولىغ تىكىندەك، يۈسۈپ خاس هاجىپتەك شائىر، دانىشمەن پەيلاسوپ، مەهمۇد قەشقەرىدەك ئۇلۇغ تىلشۇناسلارنى ئۆستۈرۈپ يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پۈتۈن ئىنسانىيەت ئالدىدا مەڭگۈ پەخىرلىنىشكە هەقلىق بولغاندەك، هازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمۇ ئۆز سېپىدە ئابدۇخالىق ئۇيغۇردەك يالقۇنلۇق ۋەتەنپەرۋەر، ئىلغار شائىرنى يېتىشتۈرگەنلىكى بىلەن پەخىرلىنىدۇ.

1987 - يىل 14 - ماي، تۇرپان

مەسئۇل مۇهەررىرى: قۇربان مامۇت

(بېشى 56 - بەتتە)

كىتابلار بىزنى هەيران قالدۇرىدۇ، بىزگە سۆزلەپ بېرىدۇ، بىزگە مەسلىهەتچى ۋە قانداقتۇ جانلىق، مۇكەممەل بىر ئۇيغۇنلۇق بىلەن بىزگە باغلىنىپ كېتىدۇ.

**ف. پېتراركا**

كىتاب — سەۋر - تاقەتلىك، بەرداشلىق، گىزغىن بۇرادىرىمىز. ئۇ هەرقانداق مۇسىبەتلىك ياكى بەختسىزلىك چاغلاردىمۇ بىزدىن يۈز ئۆرىمەيدۇ.

**س. سمايلىس**

نادانلار توپىدا ئولتۇرغاندىن كۆرە كىتابتىن تەسكىن تاپقان ئەۋزەل.

**پ. بوئاست**

ئەتراپىمدا ئۆزلىرىنىڭ بوش ۋاقىتلىرىنى قانداق ئۆتكۈزۈشنى بىلمەي، ئەڭ بىمەنە ئىش ۋە ئويۇن - كۈلكىلەرنى ئويلاپ تېپىۋاتقان كىشىلەرنى كۆرىدىكەنمەن، قولۇمغا كىتاب ئالىمەن - دە ئۆز - ئۆزۈمگە: يالغۇز مۇشۇنىڭ ئۆزىلا ئۆمۈر بويى كۇپايىگۇ، دەيمەن.

**ف. م. دوستويېۋسكى**

غەيۋەت ۋە بىمەنە پىكىرلەردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن ئوقۇشقا كىرىشىشنىڭ ئۆزى كۇپايە؛ ئۇ دىققەت - ئېتىبارىمنى ئاسانلا ئىگىلەپ، يامان پىكىرلەرنى يىراققا هەيدەيدۇ.

**ش. مانتىسكى**

كىتابلار ماڭا پۈتۈن هايات يولۇمدا هەمراه بولىدۇ. مەن هەر ۋاقىت ۋە هەممە يەردە ئۇلار بىلەن نەپەس ئالدىم. ئۇلار قېرىلىق يىللىرىمدا، يالغۇز، تەنها ياشايدىغان ۋاقىتلىرىمدا ماڭا تەسەللىي بولىدۇ. ئۇلار مېنى جانغا پاتىدىغان بىكارچىلىق يۈكىدىن ئازاد قىلىدۇ ۋە هەردائىم ماڭا بىمەنە ئۇلپەتلەردىن قۇتۇلۇش ئىمكانىيىتىنى بېرىدۇ. ئەگەر كېسىلىم باشقا هەممە نەرسىلەرنى باش ئەگدۈرىدىغان دەرىجىدە كۈچىيىپ كەتمىسە، كىتابلار ئەشۇ ئاغرىق خۇرۇچلىرىنىمۇ يۇمشىتىدۇ.

**ئا. فرانس**

توپلىغۇچى: ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ



# كىتابقا مەدھىيە

تەرەققىياتنىڭ ئومۇمىي كۆلىمىدە ھەر بىر خەلقنىڭ ئورنى شۇ خەلق ئوقۇۋاتقان كىتاب-لارنىڭ سانى بىلەن بەلگىلىنىدۇ.

ئە. لابۇلىي

كىتابلار قەلبنى يورۇتىدۇ، ئىنساننى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرىدۇ ۋە كۈچلۈك قىلىدۇ، ئۇنىڭدا ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى ئويغىتىدۇ، ئەقىلنى چاقلايدۇ ۋە يۈرەكنى يۇمشىتىدۇ.

ئۇ. تىككەرىي

كىتاب ئەڭ يىراق ۋە زىمىستان ئۆمۈر يول-لىرىدا ئىنسانغا نۇر بېغىشلاپ تۇرغۇچى سې-ھىرلىك چىراقتۇر.

ئا. ئېپىت

كىتاب—سېھىرگەر، كىتاب دۇنيانى يېڭى-باشتىن قۇرىدۇ، ئۇنىڭدا ئادەمزاتنىڭ ئەق-لىي مۇجەسسەم، ئۇ كىشىلىك تەپەككۇرنىڭ تۈۋرۈكى، كىتابسىز ئالەم ياۋايىلار ئالىمىدۇر.

ئا. مازازۇۋ

ئىنسانىيەتنىڭ ھاياتىي پەيدىنپەي كىتابتا مەنزىل تاپتى. قەبىلىلەر، ئادەملەر، دۆلەتلەر يوق بولۇپ كەتتى، كىتابلار بولسا قالدۇەردى.

ئا.ن. گېرتسىن

ئادەم ياخشى كىتابنى ئوقۇش بىلەن ئۆزى-نى يەنىمۇ كۈچلۈك، بىلىملىك، ئومۇسچان سېزىدۇ.

يا. سۇدرابكال

كىم كىتابنى سۆيسە ئۇ ھېچ قاچان سادىق دوستى، خالاسكار مەسلىھەتچىسى، قىزغىن بۇرادىرى، ھەقىقىي بەزلىگۈچىسى يوقلۇقىنى سەزمەيدۇ، ئوقۇش، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈ-زۈش بىلەن ئادەم ئۆزىنى ئىختىيارسىز بەز-لەيدۇ ۋە بوش ۋاقتىنى ھەممىشە ھەتتا تەق-دىرنىڭ ھەممە كۆتۈلمىگەن ھالىرىدىمۇ كۆڭۈللۈك ئۆتكىزىدۇ.

ئى. باررائو

كىتاب ۋاستىسى بىلەن ئادەملەر تارىخنىڭ ئۇزۇنلۇك دەۋرلىرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئەڭ مۆھ-تەرەم ئەقىل ئىگىلىرى بىلەن ئالاقىدە بولىدۇ. ئىنسان كىتاب ئارقىلىق ئۆتكەن ئەسىرلەردە يۈز بەرگەن بۈيۈك ۋەقەلەرنىڭ ئىشتىراكچى-سىغا ئايلىنىدۇ.

ژ. گېرشىل

خەلقنى مەدىنىيەتلىك قىلىش— ئۇنى ئەخلا-قىي جەھەتتىن يۈكسەلدۈرۈش دېگەن سۆز. ئۇنى ساۋاتلىق قىلىش مەدەنىيەت كامالەتكە يەتكۈزۈش دېمەكتۇر. كۈندە ئوقۇلىدىغان ياخشى كىتابلار تەسىرىدە ھەر قانداق قوپال-لىقمۇ ئوتتا كۆيگەندەك كۆيۈپ كېتىدۇ.

ۋ. ھيۇگۇ

بىرىنچى قېتىم ياخشى كىتاب ئوقىغاندا، گويا ياخشى دوست تېپىۋالغاندەك ھېس قىلى-مىز. ئەشۇ ئوقىغان كىتابنى يەنە تەكرار ئوقۇش بولسا، كونا دوست بىلەن قايتا ئۇچ-راشقاندەك گەپ.

ف. ۋولتېر

(ئاخىرى 55 - بەتتە)



## تۇرمۇش مەسلىھەتچىسى




سائتتار توختى

## تەكلىماكان

I

تەكلىماكان ــ سىرلىق زېمىن،
سەن ئۇخلىدىڭ قانچە ئەسىر.
قۇم ئاستىغا چۆكتى دەردىڭ!
مىڭلاپ ساراي، ئالتۇن قەسىر...

ياتماقتا ئىنسان ئەقلىنىڭ،
ئۇندا ئېسىل گۆھەرلىرى.
چەكسىز ھاياتلىق سىردىنى،
زاھىر ئېتەر جەۋھەرلىرى.

II

خەلقىم قورالاندى بۈگۈن،
غەزنە ئېچىشقا يەن بىلەن.
قوينۇڭغا بىز قىلدۇق يۈرۈش،
جەڭلەر قىزىدىدۇ سەن بىلەن.

چەكسىز نېفىتلىك دېڭىزى،
باغرىڭدا فونتان ئاتقۇسى.
بەختىڭنى كۈيلەپ زوق بىلەن،
بۇلبۇل قوشاقتا قاتقۇسى.

خەلقىم سېنى يەتكۈزگۈسى،
سۇلماس باھارنىڭ ۋەسلىگە.
كەلگەي چوقۇم نامىڭ سېنىڭ،
«تەكلىمك ماكان» دەپ ئەسلىگە.

## ئاقسۇ دەرياسى

ئايلىنىپ تەڭرىتاغ مۇزلىرى،
قۇياشنىڭ نۇرىدا شەربەتكە.
ھۆر زېمىن باغرىغا تارايدۇ،
ئاققۇزۇپ دەريالار ھەيۋەتتە.

بىرسەن شۇ بۈيۈك دەريانىڭ،
شۆھرەتلىك ئاقسۇنىڭ ئانىسى.
ياشىنىدى، گۈل ئاچتى سەن بىلەن،
بۇ قەدىم دىيارنىڭ ۋادىسى.

كۆرۈنمەس باغلارنىڭ چەت - چېتى،
نېمەتنىڭ بولىقى ئېتىزلار.
ئۇيۇقنى سۆيگەن كەڭ شالزارلىق،
ئىشلەيدۇ ئوغلانلار، ھۆرقىزلار.

ئەي ئاقسۇ دەرياسى سۇلىرىڭ،
كەۋسەرمۇ، زەمزەممۇ، شەربەتمۇ؟
خەلقىڭ مەرد، ئوت يۈرەك، باھادىر،
ھۆسنۈڭگە ئاشىقتۇر جەننەتمۇ.



# توسما يارىم مېنى يولدىن

يول ئالغاندا قۇملۇقلارغا،
توستۇڭ يولدىن مېنى يارىم.
توسما نىگار، ئاقيول تىلە،
كۈتەر مېنى بۈيۈك تارىم.

ئارخېئولوگمەن، ئاچاي ئۈندىن،
قەدىم تارىخ سىرىنى مەن.
زاھىر ئەيلەي كەڭ جاھانغا،
پەخىرلەنسۇن ئانا ئۆلكەم.

مەن بىلىمەن قۇچاق ئاچار،
پايانسىز چۆل، قۇم بارخىنى.
تەكلىماكان قۇچىقىغا،
كۆمۈكلۈكتۇر ئەل ئارمىنى.

ئۇزات مېنى، مەن كېتىمەن؛
باق يولۇمغا، كۈت ئىنتىزار.
كۆرۈشەرمىز غەلىبە بىلەن،
مەن قۇچقاندا شان - ئىپتىخار.

# قوغۇن پىشتى

قوغۇن تېرىدىم دوستلار،
باياۋاندىن بوز ئېچىپ.
جەننەت يازدا پىشتى ئۇ،
ئەتراپقا خۇش ھىد چېچىپ.

ياتار قوغۇن تاۋلىنىپ،
كۆرۈنمەيدۇ يەر بېتى.

بال تامىدۇ چاراسلاپ،
يارار تىلنى شەربىتى.

ھوزۇرلانسۇن ئەل - يۇرتۇم،
قوغۇنلارنى يېگەندە.
چىققاي مېھنەت ھاردۇقى،
خەلقىم رەھمەت دېگەندە.

# ئۈجمە يېگەندە...

خاسىيەتلىك ئۈجمە تىكتىم،
يول بويىغا رەتلىك قىلىپ.
مېۋىسىنى يېدى ئەل - يۇرت،
سايىسىدا ئارام ئېلىپ.

بوۋاي - موماي دۇئا قىلسا،
ئېيتتى دوستلار رەھمەتنى.
كۆكلەيدىكەن ئۆمۈر دېگەن،
قازانسا يۇرت ھۆرمەتنى.

—— ※××××※ ——

**سائادەت ئابلەت**

# مۇئەللىمە

تاڭدىكى چولپان گويا نۇر تامار خۇش چېھرىڭىز،
تەپتى گۈلخاندىن ئۇلۇغ دىلدا يانغان مېھرىڭىز.

ئۆتتى ئوتتۇز يىلىڭىز دوسكا - مۇنبەر ئالدىدا،
مىڭلىغان ئۆسمۈر بىلەن باغلىنىپ دىل رىشتىڭىز.

ئەشۇ ئەۋلادلار بۈگۈن تۆھپىكارلار سېپىدە،
بەردى ئەلگە مول مېۋە بىھېساب تەر - ئەجرىڭىز.

سىزگە ئەي ئاقچاچ پەرىشتە خاس ھامان ئالقىش - شەرەپ
ئورۇن ئالغان ئەڭ بۈيۈك، ھەر يۈرەكتە قەدرىڭىز.




## قازاق خەلقىنىڭ ئاسترونومىيە توغرىسىدىكى چۈشەنچىلىرى

### قەدىمكى قازاق كالېندارچىلىقى

كەڭ داللاردا مال بېقىپ، كۈندۈز كۈنلىرىنى كەڭ تەبىئەت قوچىقىدىكى يايلاقلاردا، كېچىلىرىنى يۇلتۇزلۇق ئاسمان ئاستىدا مال كۆزىتىپ ئۆتكۈزگەن قازاق خەلقى تەبىئەت ھادىسىلىرىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆزىتىش ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىلىرىنى خۇلاسىلاش ئارقىلىق، يۇلتۇزلۇق ئاسمان توغرىسىدا چۈشەنچىلەرنى يەنى ئاسترونومىيىگە ئائىت مول بىلىملەرنى توپلىغان.

تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشىنى — كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ ئالمىشىشى، يىل پەسىللىرىنىڭ ئۆزگىرىشى قاتارلىقلارنى ئەستايىدىل كۆزىتىپ، ئالدىن ھېسابلاپ بىلىۋېلىش قازاق خەلقىنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. مۇشۇ ھېساب ئارقىلىق قازاقلار يايلاققا قايسى ۋاقىتتا كۆچۈش، كۈزلەككە ۋە قىشلاققا قايسى ۋاقىتتا كېلىش، قويلارنى قايسى ۋاقىتتا قىرقىش، مالنى قايسى ۋاقىتتا ئۇرۇقلاندۇرۇپ، قايسى ۋاقىتتا تۆللىتىش، كۆكلەمگە قايسى مەزگىلدە بېرىش، سوقۇمنى قايسى مەزگىلدە سويۇش، تېرىقچىلىقنى قايسى مەزگىلدە باشلاش، چۆپنى قايسى ۋاقىتتا چېپىشقا ئوخشاش ئىشلەپچىقىرىش مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن. ئەگەر بۇ ھېساب توغرا مۆلچەرلەنمىسە ئۇلارنى ئېغىر زىيانغا ئۇچرىتاتتى. مەسىلەن، قوي مەزگىلدىن بۇرۇن ئۇرۇقلاندۇرۇلسا، قوزىلار بالدۇر تۇغۇلۇپ، سوغۇقتا زىيانغا ئۇچرايدۇ. مال كېچىكىپ ئۇرۇقلاندۇرۇلسا ئۇرۇقلانماي قېلىپ تۆل ئېلىش كېچىكىپ، تۆل كەنجى قالىدۇ. مانا بۇلار تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئەستايىدىللىق بىلەن كۆزىتىپ، پەسىللەرنىڭ ئالمىشىش ۋاقتىنى توغرا مۆلچەرلەشنى تەلەپ قىلىدۇ.




تەبىئەت ھادىسىلىرىنىڭ ئۆزگىرىش ئەھۋالى، يۇلتۇزلۇق ئاسماننى كۆزىتىش ۋە قېرىنداش مىللەتلەرنىڭ كۆپ يىللىق تەجرىبىلىرى ئارقىلىق توپلانغان ئاسترونومىيىلىك چۈشەن-

---

* بېشى ژۇرنىلىمىزنىڭ 1987 - يىل 4 - سانىدا

چىلەر ۋە بىلىملەر ئاساسىدا قازاق مىللىتىنىڭ قەدىمكى كالېندارى دۇنياغا كەلدى.

بىپايان كەڭ داللاردا دائىم مال بېقىش، كۆچۈپ يۈرۈش، يول يۈرۈش، كېچىلەپ يۈرۈش، يوقالغان مال ۋە ئادەملەرنى ئىزدەش، ئوۋ ئوۋلاشلار — تۆت تەرەپنى ئايرىش، قاراڭغۇ كېچىلەردە يۇلتۇزلارغا قاراپ نىشان - يۆنىلىشنى بەلگىلەپ، ئۆتكەلنى، سۇ بار يەرنى، قونالغۇنى، قۇدۇقلارنى توغرا تېپىشنى ئۆگەتكەن.

قازاقلار ئىچىدە تەجرىبىلىك مۇنەججىملار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ جەھەتتىكى بىلىملىرى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا مىراس بولۇپ قالغان. مۇنەججىملەر ئەجدادلارنىڭ بىلىم - تەجرىبىسىنى توپلاپ ئۇزاق يىللار كۆزىتىش ئارقىلىق قازاق خەلق كالېندارىنىڭ تولۇق يىلىنى بەلگىلىگەن. ھەر مەۋسۇملۇك ئىش مەزگىلىنى — يايلاققا كۆچىدىغان، قىشلاقتا قونىدىغان، مال ئۇرۇقلاندۇرىدىغان، يۇڭ قىرقىيدىغان، چۆپ چاپىدىغان مەزگىللىرىنى بەلگىلىگەن. قىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىگەن. ئۇلار يازدىكى قاتتىق ئىسسىقنىڭ ئورنىغا قىشتا قاتتىق سوغۇق بولىدىغانلىقىنى يازدىكى يامغۇرنىڭ ئورنىغا قىشتا قار ياغىدىغانلىقىنى، تومۇز (7- ئاينىڭ ئوتتۇرىسى)دا قاتتىق ئىسسىق، يانۋار (1- ئاينىڭ ئوتتۇرىسى)دا قاتتىق سوغۇق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئىسسىيدۇ، دەپ ھېسابلىغان. ئۇلار يەنە ھەر ئايدىكى ھاۋارايىنىڭ جىددىي ئۆزگىرىدىغان خەۋپلىك پەيتلىرىدە قوللىنىدىغان تەدبىرلەرنى كۆرسەتكەن.

قازاقلار ئاسامى پلانېتلارنىڭ ھەممىسىنى ياخشى بىلىپلا قالماي ئۇلار ھەققىدە ناخشا، شېئىر، تۇرلۇك چۆچەكلەر ۋە رىۋايەتلەرنى توقۇغان. قازاقلارنىڭ يۇلتۇزلارغا قويغان ئىسىملىرىمۇ ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق تۇرمۇشىدىن ئېلىنغان بولۇپ، ئۇلار ئاسمان خەرىتىسىنى تۆمۈر قوزۇقتىن باشلىغان. تۆمۈر قوزۇق — قازاقلارنىڭ كېچىدە يول يۈرگەندە يۆنىلىش - نىشان بەلگىلەيدىغان ئاسترونومىيىلىك كومپاسى بولغان.. ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ئىككى يۇلتۇز «ئاق بوز ئات»، «كۆك بوز ئات» دەپ ئاتالغان. «يەتتە تىكەن»، كېچىسى مال كۈزىتىدىغان كۈزەتچىلەرنىڭ سائىتى بولغان. كۈزنىڭ ئۇزۇن تۈنلىرىدە كۈزەتچىلەر يەتتە تىكەنگە قاراپ ئالماشقان. قىشتا چولپان (سەھەر يۇلتۇز) تۇغقان ۋاقىتتا قويىنى قوروغا ئېلىپ كەلگەن. مېركۇرىنى قازاقلار «تاڭ چولپانى» دەپ ئاتىغان. يۇپىتېر يەنى ھۆكەر يۇلتۇزىنى «ئېشەك قىرغان»، مارسنى «قىزىل يۇلتۇز»، ۋېنېرانى «قوش يۇلتۇز»، ساتورنىنى «يورۇق يۇلتۇز» دەپ ئاتىغان.

قازاقلار ئۈچۈن ھۆكەر يۇلتۇزىنىڭ ئاسترونومىيىلىك ھەم مېتېرولوگىيىلىك ئەھمىيىتى بولۇپ، يىل بىلەن كالېندارمۇ ھۆكەر يۇلتۇزغا قاراپ بەلگىلەنگەن. ھۆكەرنىڭ ئالمىشىشىدىن ھاۋارايى ئۆزگىرىدۇ دەپ قارىغان. ھۆكەر بىلەن ئاي قاراڭغۇلاشقان مەزگىللەردە يەنى ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا ھاۋارايى ئۆزگىرىپ ھۆل - يېغىن بولىدۇ، بۇ ئىككىسى ئوچۇق تۇرغاندا ئومۇمەن ھۆل - يېغىن ئاز بولىدۇ. ئەتىيازدا ھۆكەرنىڭ بەلباغتا يېقىنلىشىشى كۆك ئوت - چۆپ چىقىشىنىڭ بەلگىسى، «ھۆكەر يەرگە چۈشمەي يەر ئىسسىمايدۇ» دەپ ھېسابلىغان.

ماي ئېيىنىڭ ئاخىرى بىلەن ئىيۇننىڭ بېشىدا ھۆكەر كۆرۈنمەيدۇ، قازاقلار بۇ مەزگىلنى «ھۆكەر يەرگە چۈشتى» دېيىشىدۇ. قازاق مۇنەججىملىرى ھۆكەر شۇ پېتى قىرىق كۈن يەردە ياتىدۇ، بۇ، يىلنىڭ ئىسسىق بولغان مەزگىلى. مۇشۇ قىرىق كۈن ھاۋارايىنىڭ ھەل قىلغۇچى پەيتى. ھۆكەر سۇغا چۈشسە يامغۇر كۆپ بولىدۇ، قۇرغاق يەرگە چۈشسە، قۇرۇق ئىسسىق شامال كۆپ بولۇپ قۇرغاقچىلىق بولىدۇ، ھۆكەر تاشقا چۈشسە

كۈن قاتتىق ئىسسىق بولىدۇ دەپ پەرەز قىلىدۇ. مۇشۇ قىرىق كۈن ئۆتۈپ ھۆكەر قايتا كۆتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئۆسۈملۈكلەر چوڭقۇر يىلتىز تارتىپ دان تۇتۇشقا باشلايدۇ دەپ ھېسابلايدۇ. قازاقلار ئۈران يۇلتۇزغا ئالاھىدە دىققەت قىلىپ، ئۇنى تۈرلۈك ئىسىملار بىلەن: «ئارقار»، «تارازى» «شىدەر يۇلتۇز» دەپ ئاتايدۇ. تومۇز (7- ئاي)نىڭ ئاخىرىدا «تارازى يۇلتۇز»نىڭ تۇغۇلۇشى يازنىڭ ئۆتۈپ، قاتتىق ئىسسىقنىڭ تۈگىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. قازاق مۇنەججىملىرى بۇ يۇلتۇزنىڭ چىقىشىغا قاراپ: «تارازى تۇغسا، تاڭ سالقىن بولىدۇ، بۇغداي، تېرىق پىشىدۇ» دېيىشىدۇ.

قازاقلار ساتورىن يۇلتۇزىنى «سۈمبىلە» دەپ ئاتايدۇ. سۈمبىلە تۇغقاندىن كېيىن ئىسسىق ياز ئاخىرلىشىپ، مالنى بىزار قىلىدىغان چىۋىن قاتارلىق ھاشاراتلار ئۇزۇن ئۆتمەي يوقىلىدۇ. «سۈمبىلە تۇغسا سۇ سوۋۇيدۇ»، تېرىقچىلىقنى يىغىشتۇرۇپ، ئوتۇننى غەملەپ، ئىسسىق ئۆي تەييارلاپ، قىشنىڭ غېمىنى قىلىش كېرەك، دەپ قارايدۇ.

قەدىمكى زاماندىن كېلىۋاتقان مۆچەل يىلى ھېسابىنىڭ قازاقلارنىڭ ھاياتىدا رولى چوڭ بولغان. قازاقلار ۋاقىت ھېسابىنى مۆچەل يىلى ھېسابى بويىچە يۈرگۈزگەن. ھەربىر يىلنى ھايۋانلارنىڭ ئىسمى بىلەن: چاشقان يىلى، كالا يىلى، يولۋاس يىلى، توشقان يىلى ئەجدىھا يىلى، يىلان يىلى، ئات يىلى، قوي يىلى، مايمۇن يىلى، توخۇ يىلى، ئىت يىلى، چوشقا يىلى دەپ ئاتىغان. بۇ مۆچەل يىلى ھەر يىلى 3- ئاينىڭ 21- كۈنى (كۈندۈز بىلەن كېچىنىڭ تەڭلەشكەن كۈنى) يەنى نورۇز بايرىمىدا ئالمىشىدۇ.

قازاقلارنىڭ قەدىمكى كالېندارىدا بىر يىل 12 ئاي، ئۈچ ئاي بىر پەسىل، يەتتە كۈن بىر ھەپتە، بىر كېچە - كۈندۈز بىر سوتكا ھېسابلىنىدۇ. ھەر بىر ئاينىڭ ئۆز ئالدىغا ئىسمى بولۇپ، نورۇز (مارت)، كوكەك (ئاپرېل)، مامىر (ماي)، مەۋسۇم (ئىيۇن)، چىلدە (ئىيۇل)،تامىز (ئاۋغۇست)، قىركۈيەك (سېنتەببىر)، قازان (ئۆكتەببىر)، قارشا (نويابىر)، يەلتوقسان (دېكابىر)،قاڭتار (يانۋار)، ئاقپان (فېۋرال) دەپ ئاتىلىدۇ.

قازاق مۇنەججىملىرى يىل مەۋسۇملىرىدا كۈن بىلەن تۈننىڭ تەڭ بولۇش، ئۇزىرىش، قىسقىراش ھادىسىلىرىنى ئەستايىدىل كۆزەتكەن. ئۇلار كۈن: «يەلتوقسان (دېكابىر)دا قۇچقاچ چامدام، قاڭتار (يانۋار)دا قاغا چامدام، ئاقپان (فېۋرال)دا ئات چامدام، چىلدە (ئىيۇل)دا چىل چامدام قىسقىرايدۇ» دېيىشىدۇ. كۈننىڭ قىسقارغان مەزگىلىنى «پاقلان تويماس، چۆمۈچ قۇرۇماس» دەپ تەسۋىرلەيدۇ.

## قەدىمكى قازاقلار شەجەرەسى

قازاق خەلقىنىڭ قەدىمكى زامانىدىكى ئوقۇمۇشلۇق ئادەملىرى ئاتا-بوۋىلىرىنىڭ شەجەرىسىنى يېزىپ قالدۇرغان. بۇ شەجەرىلەر ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا داۋاملىشىپ كەلگەن. ئۆزىدىن باشلاپ يەتتە ئاتىسىغا قەدەر بىلىش — ھەر بىر كىشىنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ، بۇنى پەرزەنتلىرىگە بىلدۈرۈش — ئاتا - ئانا تەربىيىسىنىڭ ئېلىپبەسى بولغان. پەقەت ئاتا - ئانىسىدىن كىچىك ئايرىلغان يېتىملارلا بۇنداق بىلىمدىن مەھرۇم قالغان بولۇپ، قازاق خەلقى ئارىسىدىكى «يەتتە ئاتىلىرىنى بىلمىگەنلىك يېتىملىكىنىڭ كاساپىتى» دېگەن سۆز مۇشۇنىڭدىن قالغان. يەتتە ئاتىدىن تارقالغان ئەۋلادلار ئۆزئارا قىز ئېلىشماسلىق ئەنئەنىسىگە ئايلانغانلىقتىن، يەتتە ئاتىسىنى تولۇق بىلىش قازاقلارنىڭ ئائىلە قۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان.

قازاقلارنىڭ ئاۋۋال ئاقساقاللىرى ئەڭ كەم دېگەندە ئۆز قەبىلىسىنىڭ شەجەرىسىنى ئېنىق بىلىدۇ. «شەجەرىچى» دېگەن نامغا ئىگە بولغان كىشىلەر 15 - 20 ئاتىغا قەدەر بىلىدۇ. پۈتۈن ئەلنىڭ ھەتتا قازاقلارنىڭ 77 ئاتىسىنى بىلىدىغان مۇكەممەل شەجەرىچىلەرمۇ بولغان. بۇلار شۇ ئاتا - بوۋىسىنى سۆزلەش بىلەن بىرلىكتە شۇ زاماندا يۈز بەرگەن چوڭ - چوڭ ۋەقەلەرنى چۆچەك - رىۋايەت تەرىقىسىدە ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا قالدۇرۇپ كەلگەن.

قازاقلارنىڭ ھەر بىر قەبىلە - قەۋملىرى ۋە ھەر بىر ئاۋۇلنىڭ ئۆز شەجەرىچىلىرى بولۇپ بۇ شەجەرىچىلەر ئۆز ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شەجەرىسىنى ياخشى بىلىش بىلەن بىرلىكتە قازاقلارنىڭ قەدىمكى كالېندارىنى، ئۆرپ - ئادەتلىرىنى، قائىدە - يوسۇن قانۇنلىرىنىمۇ ياخشى بىلىدۇ. ئومۇمەن ئالغاندا، قازاق شەجەرىلىرى 7 - ئەسىردىن 20 - ئەسىرگە قەدەر مەزگىلنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مۇشۇ ئۇزۇن دەۋرلەرنى بېشىدىن كەچۈرۈپ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ كەلگەن تارىخىي شەجەرىلەر كېيىنچە قول يازما قىلىپ يېزىلىپ، قەبىلە باشلىقلىرى بىلەن بەگلەرنىڭ، خان - سۇلتانلارنىڭ قولىدا ساقلىنىدىغان بولغان.

ئوتتۇرا ئەسىردە يېزىلغان (ئاپتورى نامەلۇم) «نەساپنا مەئى قازاق» («قازاق شەجەرىسى»)، 16 - ئەسىردىكى مەشھۇر قازاق ئالىمى قىدىر غەلى قوسۇن ئوغلى جالايىرى يازغان «يىلنامىلەر توپلىمى» («جامىئ ئەت تەۋارىخ») قازاقلار شەجەرە تارىخىنىڭ زامانىمىزغا قەدەر ساقلانغان قول يازمىلىرىدۇر. ئوتتۇرا ئەسىردە قازاقلارنىڭ شەجەرىلىرى بىلەن يىلنامىلىرى يېزىلغان ئەنئەنە بويىچە قازاقلارنىڭ خانلىرى بىلەن سۇلتانلىرىمۇ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ شەجەرىسىنى يېزىپ ساقلىغان. مۇشۇنداق قول يازمىلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى نۇسخىلىرى قازاق جاڭگىر خاننىڭ كۇتۇپخانىلىرىدا ساقلانغان. ئۇ، بۇ شەجەرىنىڭ بىر قىسمىنى قازان ئۇنىۋېرسىتېتىغا تەقدىم قىلغان (بۇ قول يازمىلار ھازىرمۇ لېنىنگرادتىكى مەملىكەتلىك ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ قول يازما بۆلۈمىدە ساقلانماقتا).

قازاقلار شەجەرىلىرىنىڭ قول يازمىلىرى 20 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا توپلىنىپ، رەتلىنىپ كىتاب بولۇپ بېسىلغان. بۇنى رەتلەپ نەشىر قىلغۇچىلار: نۇرجان ناۋشاباي ئوغلى، شاكەرىم خۇدابەردى ئوغلى، مۇھەممەتجان تىنىشباي ئوغلى، مەشھۇر يۇسۇپ كوبەي ئوغلى قاتارلىقلار. يېقىنقى يىللاردا ئېلىمىزدىكى قازاقلار ئىچىدىن 20 دىن ئارتۇق قول يازما شەجەرىلەر تېپىلدى.

قازاقلارنىڭ شەجەرىسى قازاق خەلقىنىڭ قەدىمىي مەدەنىيىتىنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## قازاق خەلقى ئىچىدىكى تىبابەتچىلىك

قازاق خەلقى ئىچىدە كېسەل بولغان ئادەمنى ۋە مالنى داۋالايدىغان تېۋىپلار، تېڭىقچىلار، دورىگەرلەر بار. ئۇلار خەلقنىڭ مۇشۇ ساھەدىكى تەجرىبىلىرىدىن مول بىلىم توپلاپ، تىبابەتچىلىك ۋە دورىگەرلىك ئىشىنى يۈرگۈزدى. تىبابەتچىلىك ئاتىدىن بالىغا مىراس بولۇپ كەلدى. قازاق تېۋىپلىرى كېسەل ئەھۋالىنى تومۇر تۇتۇش ئارقىلىق ئېنىقلايدۇ. ئۇلارنىڭ دورىلىرى ئۆسۈملۈكلەردىن ۋە باشقا ماددىلاردىن ياسىلىدۇ. ئۇلار كېسەللەرنى دورا - دەرمەكلەر بىلەن داۋالايدۇ. ھورداش، تەرلىتىش، قان ئېلىش، لوڭقا قويۇش، ئىچىنى سۈردۈرۈش، قۇستۇرۇش، بەزىبىر تاماقلاردىن چەكلەش، پەرز تۇتقۇزۇش، ھاردۇق ئالدۇرۇشقا ئوخشاش ئۇسۇللارنى قول-

لىنىدۇ. «قۇرت ئاغرىقلىرى» نى داۋالاشتا سىماپ، ئالماس، كىپارس، گۈڭگۈرت، تۈتىيا، ئەپيۇنغا ئوخشاش ماددىلارنى ئىشلىتىدۇ.

قازاقلار مال سويۇش ئارقىلىق ئاناتومىيىگە ئائىت مول بىلىملەرنى توپلىغان بولۇپ، ئاناتومىيىلىك بىلىملەر سۇنۇقلارنى تاڭىدىغان تېڭىقچىلارغا نىسبەتەن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. قازاقلارنىڭ تەجرىبىلىك تېڭىقچىلىرى سۇنۇقنى ئورنىغا چۈشۈرۈپ، تۈرلۈك سۇنۇقلارنى تېڭىپ ساقايتىشقا ناھايىتى ئۇستا بولۇپ، ھەتتا سۇنۇپ، قىڭغىر تۇتقان سۆڭەكلەرنى قايتا سۇندۇرۇپ تۈز تېڭىپ ساقايتالايدۇ.

مالنىڭ يارىسى بىلەن يېغىرلىرىنى، ئالاقاراق (1) قاتارلىق تۈرلۈك كېسەللىكلەرنى شىلىپ تاشلاش، تەنتەك (2) كېسىلىنى ئوتتا كۆيدۈرۈش ئۇسۇلى بىلەن داۋالايدۇ.

ھازىر جەمسارىدىكى يۇنۇس ئاقساقال، تولىدىكى قالى بىتكە ئوغلى ئوخشاش تېۋىپلار قازاقلارنىڭ قەدىمكى تىبابەتچىلىك بىلىملىرىنى ھازىرقى زاماندىكى ئىلمىي دورىگەرلىك بىلەن ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، كېسەل داۋالاشنى يولغا قويماقتا.

## قازاقلارنىڭ سەنئىتى

### قول ھۈنەرۋەنچىلىك ۋە ئويما ئۆرنەكلىرى

قازاق خەلقىنىڭ قول ھۈنەر سەنئىتى ئەمگەك داۋامىدا بارلىققا كەلگەن بولۇپ، تۇرمۇشقا ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنى ئىشلەپچىقىرىش ۋە مىمارچىلىق بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. قازاقلار ئۆز تۇرمۇشىغا ئېھتىياجلىق بولغان بۇيۇملارنىڭ ھەممىسىنى قول ھۈنىرى ئارقىلىق ئىشلىگەن. يازما مەلۇماتلارغا قارىغاندا XVIII – XVI ئەسىرلەردە قازاقلاردا ئويمىچىلىق، زەرگەرلىك، قىرغۇچىلىق، ئۆرۈمچىلىك، كۆنچىلىك (تېرە ئەيلەش)، تىكۇچىلىك، موزدۇزلۇق ۋە باشقا قول ھۈنەر كەسىپلىرى بولغان. قىرغۇچىلار ياغاچلاردىن ھەرخىل نۇسخىلارنى شېلىپ چىرايلىق ياغاچ قاچىلار، قىمىز ئۇسىدىغان ساپلىقلار، كۈمۈش بىلەن قۇيىملانغان، ئېسىل تاشلار بىلەن زىننەتلەنگەن چىرايلىق پەتنۇسلار، چىنە - قاچا سالىدىغان ياغاچ قۇتىلار ۋە دومبىرا، قوموزغا ئوخشاش مۇزىكا ئەسۋابلىرىنى ياسىغان. ئارقار، بۇغا، تاغ تېكىسى قاتارلىق ياۋايى ھايۋانلارنىڭ مۈڭگۈزلىرىدىن ۋە تۈرلۈك سۆڭەكلەردىن ئويۇلغان ئويمىلار بىلەن ساندۇقلار، ناسۋال قاپاقلار، مىلتىق قونداقلىرى، دومبىرىلار، ئىگەرلەرنى زىننەتلىگەن.

قازاقلارنىڭ ياغاچچىلىرى قىشلىق ۋە يازلىق ئۆيلەرنى ھەم كاردىۋات، ئىشىك، ئىشكاپ، ساندۇق، پاكار، يۇمىلاق شىرە، بۆشۈك، ئورۇن - كۆرپە يىغىدىغان لىمتاق جازىسى ھەم باشقا جابدۇقلارنى ياسايدۇ. ئورمان ئەتراپىنى ماكان قىلغان قازاقلار ئىچىدە قوش چاقلىق ھارۋا بىلەن سايىۋەنلىك ھارۋىلارنى ۋە تۈرلۈك چانىلارنى ياسايدىغان ئۇستىلار بولۇپ، بۇ ھەقتە قازاق خەلقىنىڭ قەدىمكى تۇرمۇشىنى يازغان روزبېخان مۇنداق دېگەنىدى: «بۇ ئەلدىكى ياغاچلارنىڭ كۆپلىرى بەك قاتتىق بولۇپ، بۇ ياغاچلاردىن تۆت چاقلىق، ئۈستىگە ئۆي قوندۇرۇلغان بەكمۇ چىرايلىق ھارۋىلار ياسىلىدۇ.»

قازاقلاردا ناھايىتى ئۇستا زەرگەرلەر بار بولۇپ، ئۇلار تۈرلۈك ئېسىل تاشلار ۋە ئالتۇن-

---

(1) ئالاقاراق، (2) تەنتەك- مالدا بولىدىغان بىر تۈرلۈك كېسەل

كۆۋشلەردىن ئېگەر، يۈگەن، پېشتان، ئۈزەڭگە، تۆشباغ، ئومۇلدۇرۇك، قۇشقۇن قاتارلىق ئېگەر جابدۇقلىرىنى زىننەتلەيدۇ ۋە ياسايدۇ؛ ئۈزۈك، بىلەيزۈك، زىرە، ھالقا، كەمەر، ئىلغۇ، چاچتەڭگە... قاتارلىق ئاياللارنىڭ زىننەت بۇيۇملىرىنى ياسايدۇ؛ ئوقيا ئوقدېنى، بەلباغ، بۆركۆت تۇمىقى ئوخشاش بۇيۇملارنى كۈمۈش بىلەن زىننەتلەيدۇ. قازاق زەرگەرلىرى نەقىشلەرنىڭ تۈرلۈك نۇسخىلىرىنى ئىشلەشتە - تەكشىلەش، تورلاش، ئويۇق ئويۇش، نۇسخا بېسىش، قويۇش، ئىنچىكە كۈمۈش سىملاردىن ھەر خىل ئۆرۈملەرنى ئۆرۈش قاتارلىقلارنى ئاجايىپ ماھىرلىق بىلەن بىرلەشتۈرگەن. بۇ خىل ئويمىچىلىق ۋە نۇسخىلارنىڭ ئۆلگىسى - گېئومېترىك كۆرۈنۈشلەر، تۈرلۈك گۈل - گىيالار، ھايۋاناتلارنىڭ شەكىللىرىدە ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان. بۇ نۇسخىلار: «ئېرىم»، «يۈگمەچ»، «ئۇچلۇق»، «قوچقار مۈڭگۈز»، «قوشقات»، «قوش تۇمشۇق»، «ئىت گەۋدىسى»، «پاقا تۆش»، «سىڭا تاپان»، «سۇ ئاقار»، «ئەگمەچ گۈل»، «يۇلتۇز گۈل»، «كۈن چىقار»، «ئىت تاپان»، «كېپىنەك»، «غاز تاپان»، «يۈرەكسىمان»، «ئاي يۇلتۇز» دېگەن ئىسىملار بىلەن ئاتىلىدۇ. يۈرەك شەكىلدىكى بەلباغ ئىلگەكلىرى، كۈمۈش سىملار بىلەن چېتىنى پۆكۈپ ياسالغان قوشتار مۈڭگۈز بۇلاپكىلار، چوك دۈگىلەك پاس - پاس تۈگمىلەر ۋە باشقىلار ئىنتايىن ماھىرلىق بىلەن ياسىلىدۇ.

تۈرلۈك نۇسخىلارنى سېلىش - كىگىز بېسىشتىمۇ قوللىنىلىدۇ. بۇنىڭدا تېخى بېسىلىپ پۈتمىگەن ھۆل، خام كىگىزگە باشقا رەڭلىك (كۆپىنچە ئاق كىگىزگە قىزىل رەڭنى) يۇڭدىن نەقىش سېلىنىپ بېسىلىدۇ. بۇنداق كىگىزلەر «تىكمەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ھەر خىل رەڭدىكى كىگىزلەردىن ۋە رەختتىن تۈرلۈك نۇسخىلارنى كېسىش، كەشتىلەش ئارقىلىق تۇس كىگىز، شىرداق، قاچا - قۇچا سالىدىغان قاپ، كىگىز ئۆي ئۇۋۇقلىرى (چەنزىسى) نىڭ قاپلىرى، كېرىگە قاپلىرى، ئوت - چۆپ ئۈستىگە سالىدىغان كىگىز، كۆلۈك كىگىزى، ھەر خىل يوپۇقلار ۋە باشقا چىرايلىق بۇيۇملار ئىشلىنىدۇ.

قازاقلارنىڭ قول ھۈنەرلىرىنىڭ بىرى - كەشتە تىكىش ھېسابلىنىدۇ. كەشتىنى قازاقلارنىڭ قىز - چوكانلىرى تىكىدۇ. كەشتىلەرنىڭ خىلمۇ - خىل ئۈلگىلىرىنى ۋە تۈرلۈك نۇسخىلارنى ئىشلىگۈچىلەر - «ئويۇقچىلار» ۋە «سىزغۇچىلار» دەپ ئاتىلىدۇ. كەشتىنىڭ خىلى كۆپ بولۇپ «بىگىز كەشتە»، «باسما كەشتە»، «چەكمە ياكى كۆپتۈرمە كەشتە»، «ئويما كەشتە»، «باستۇرما كەشتە»، «ئىلما كەشتە»، «كانۋا» ۋە باشقىلار. بۇ كەشتىلەر مەخمەل، چىبەرقۇت ئوخشاش رەختلەرگىلا ئەمەس، بەلكى ھەر خىل رەڭدىكى سىدام تون - شالۇۋارلارغا، كۆن - خۇرۇملارغا ۋە كىگىزگىمۇ چېكىلىدۇ. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىلمە كەشتىلەردىن ئىبارەت.

يۇقىرىدىكى چىرايلىق كەشتىلەر تۇس كىگىزگە، ساندۇق قېپىغا، كۆڭلەكلەرنىڭ ياقا ۋە يەڭلىرىگە، ئاياللار پەشمەتلەرنىڭ ياقىسى، يەڭلىرىگە، كېمچەكلەر (كەيمە لىچەك) نىڭ ياقىسىغا، كىگىز ئۆينىڭ ئوتتۇرا بەلدىمىگە، رومال ئۈستىگە، كىيىم ياپقۇچلارغا، يوتقان پەۋىزىگە، چىمىلدىققا، ياستۇق قاپلىرىغا، كەمچەت تۇماققا، تەقىيەلەرگە، ساۋكەلەلەر (قىز - چوكانلار كىيىدىغان باش كىيىم) گە تىكىلىدۇ. بۇ كەشتىلەرگە ھەر خىل رەڭدىكى يىپەك يىپ، زەر يىپ ئىشلىتىلىدۇ. كەشتىنى ئۈنچە - مارجانلار بىلەن چېكىش، مەرۋايىت - مونچاقلار بىلەن چېكىش، ئالتۇن - كۈمۈشلەر بىلەن زىننەتلەش، قىزلارنىڭ تەقىيەلىرى بىلەن ساۋكەلىرىنى تىكىشتە كۆپ قوللىنىدۇ.

قازاق ئاياللىرى بوياقلار بىلەن بويالغان يۇڭلارنى چىغقا ئوراپ، تۈرلۈك نۇسخا چۈشۈرۈلگەن چىغ پەردىلەرنى توقۇيدۇ. بۇنى توقۇش تېخنىكىسى ئىنتايىن ئۈستىلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

تېرىدىن ياسالغان كۆنەك (چېلەك)، غاز بويۇن (دۈگىلەك شەكىلدىكى گەۋدىلىك، ئۇزۇن بويۇنلۇق ئىدىش)، قومغان شەكىلدىكى تورسۇق، كۆن، توقۇم ۋە ئىگەر-توقۇم ئۈزەنگۈسىگە چۈشۈرۈلىدىغان نۇسخىلار كۆنگە ئىز چىقىرىش، بېسىش ئارقىلىق ئىشلىنىدۇ.

قەدىمكى زاماندىكى تۈرلۈك كەشتىلەرگە سىڭىنغان نۇسخىلارغا ئادەم بىلەن هايۋانلارنىڭ هەر خىل شەكلى، ئۆۋچىلىقنىڭ، تۆگە كارۋانلىرىنىڭ قىياپەتلىرى چۈشۈرۈلگەن. بىراق ئىسلام شەرىئىتىنىڭ ئادەم بىلەن جانلىق نەرسىلەرنىڭ سۈرىتىنى سىزىش ۋە بېسىشنى چەكلىشى تۈپەيلىدىن بارا - بارا بۇ خىل نۇسخىلار ئازىيىپ كەتكەن.

قازاقلار ئويما - ئۆرنەكلىرىنىڭ خىلمۇ - خىل، ئۆرنەكلەرنىڭ ئاساسىي ئېلېمېنتلىرى گوسموگونىيىلىق①، زوموفلىق② تېمىلار، ئۆسۈملۈك شەكىللىرى ۋە گېئومېترىيىلىك قىياپەتلەردىن هاسىل بولغان. قازاقلاردا هەر بىر رەڭنىڭ سىمۋوللۇق مەزمۇنى بولۇپ، كۆك رەڭ — ئاسماننىڭ سىمۋولى؛ قىزىل رەڭ — ئوتنىڭ، كۈن نۇرىنىڭ سىمۋولى؛ ئاق رەڭ — هەقىقەتنىڭ، خۇشاللىقنىڭ، بەختنىڭ سىمۋولى؛ سېرىق رەڭ — ئەقىل - پاراسەتنىڭ، مۇڭنىڭ سىمۋولى؛ قارا رەڭ — يەرنىڭ سىمۋولى؛ يېشىل رەڭ — ياشلىقنىڭ، باهارنىڭ سىمۋولى. هەر خىل بويۇملارنى مۇشۇ رەڭلەر بىلەن بويىغاندا، ئۇنىڭدا بەلگىلىك بىر مەنا شەكىللىنىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ ئويما - ئۆرنەك هۈنەر - سەنئىتى ناهايىتى ئۇزۇن تارىخقا ئىگە. ئارخېئولوگلار قازاقلارنىڭ كەشتىچىلىك سەنئىتىنىڭ قەدىمىي زاماندىكى چارۋىدار قەۋملەرنىڭ مەدەنىيىتى بىلەن ئۆزئارا زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. يېڭى ئىرادىن بۇرۇنقى ئويسۇن مازارلىرىدىن چىققان ئويما - ئۆرنەكلەر XIX - ئەسىردىكى قازاقلارنىڭ ئويما - ئۆرنەكلىرى بىلەن ئوخشاش چىققان. مانا بۇلار قازاقلارنىڭ ئويما - ئۆرنەك سەنئىتىنىڭ قەدىمىي ئويسۇن مەدەنىيىتىنىڭ داۋامى ۋە تەرەققىي قىلغان تۈرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قازاقلارنىڭ 300 گە يېقىن - ئويما - ئۆرنەكلىرىدىن تەركىب تاپقان توپلىمى — قازاقلارنىڭ ئويما-ئۆرنەك سەنئىتىنىڭ نەمۇنىلىرى بولۇپ هېسابلىنىدۇ.

## مۇزىكا ئەسۋابلىرى

قازاقلارنىڭ ئاساسلىق مۇزىكا ئەسۋابلىرى: دۇمبىرا، قومۇز، سۇناي قاتارلىقلار. دۇمبىرانىڭ شەكلى ئۈچ بۇرجەك ياكى سوقىچاق بولۇپ، ئۇنىڭ بويىدىن قارنىغىچە تارتىلغان قوش تارىسى، بۇ تارىنى يۇزلۇكتىن كۆتۈرۈپ تۇرىدىغان كىچىك ياغاچ خەرىكى بولىدۇ. دەستىسىگە پەدە باغلىنىدۇ. بۇ پەدىلەرنىڭ سانى ئوخشىمايدۇ. پەدە: 8، 11، 13 بولىدۇ. دۇمبىرانىڭ تارىسى ئادەتتە ئۆچكىنىڭ ئۈچەيدىن ياسىلىدۇ، دۇمبىرا — قازاقلار ئارىسىدا كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئاساسەن هەممە ئادەم چېلالايدىغان مۇزىكا ئەسۋابى. قومۇزمۇ قازاق خەلقى ئارىسىغا كەڭ تارالغان چالغۇ ئەسۋابى بولۇپ، قومۇزنىڭ بويىنى ئەگمەچ، شەكلى ياغاچچۆمۈچكە ئوخشاپ كېتىدۇ، ئىچى كاۋاك، يۈزلۈكى ئوچۇق، تۆۋى كۆن بىلەن قاپلانغان. قومۇزنىڭ ئىككى تارىسى بولىدۇ. ئۇنىڭ يا شەكىلدىكى كامالچىسى ئاتنىڭ قىلىدىن ياسىلىدۇ.

سۇناي— كاۋاك قومۇشتىن ياكى يۇمشاق ياغاچتىن تېشىپ ياسىلىدۇ. سۇناي ئېغىزئارقىلىق

---

①گوسموگونىيە: دۇنيانىڭ قانداق پەيدا بولغانلىقى توغرىسىدىكى ئىلىم.
②زوموروف: خۇدانى ئوۋ سۈرىتىدە دەپ تونۇش.

پۈۋلەپ چېلىنىدۇ. سۇنايدا بارماق بىلەن بېسىپ ھەر خىل ئاھاڭ چىقىرىلىدىغان تۆت ياكى ئۈچ تۆشۈك بولىدۇ. ئۇنىڭ ئاۋازى يېقىملىق، مۇڭلۇق ئاڭلىنىدۇ. سۇناينى قازاق مالچىلىرى كۆپ چالىدۇ. XI - ئەسىردە ياشىغان بۈيۈك ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇت قەشقەرىنىڭ ئالەمشۇمۇل مەشھۇر ئەسىرى «تۈركى تىللار دىۋانى» دا قومۇز بىلەن سۇناينىڭ نامى تىلغا ئېلىنغان. مانا بۇنىڭدىن قومۇز بىلەن سۇناينىڭ ئۇزۇن تارىختا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولىدۇ.

## ناخشا - كۈي

قازاق خەلقى — ناخشا - مۇزىكىغا ناھايىتى باي خەلقلەرنىڭ بىرى. XIX - ئەسىردىكى قازاقلارنىڭ مۇزىكا مەدەنىيىتىنى تەتقىق قىلغۇچىلار، قازاقلاردا مىڭ ناخشا، بەش يۈز كۈي بارلىقىنى يېزىپ قالدۇرغان. قازاق خەلقى ناخشا - مۇزىكىغا ئىنتايىن ھېرىسمەن خەلق بولۇپ، ئۇلارنىڭ ناخشا - مۇزىكا سەنئىتى خېلى بۇرۇنلا تەرەققىي قىلغان.

قەلبىڭنى چۇلغىۋالار شېرىن خىيال،    مەپتۇن قىلار ۋۇجۇدۇڭنى، ئاڭلىغاندا
ناخشىنى سۆيسەڭ مەندەك دىلدىن سۆي.    ياخشى ناخشا ھەمدە مۇڭلۇق ئېسىل كۈي.

ئابايىنىڭ بۇ شېئىرى — قازاق خەلقىنىڭ ناخشا ۋە مۇزىكىنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئىپادىلىگەن.

قازاق خەلقىنىڭ قوشاقچىلىرى، جىرچىلىرى، شائىرلىرى، ناخشىچىلىرى ناخشا - قوشاقلارنى، ئۇزۇن داستانلارنى دومبىراغا تەڭكەش قىلىپ ئاھاڭغا سېلىپ ئېيتىدۇ. داستانلارنىڭ ياكى تارىخىي قوشاقلارنىڭ ئۆزىگە خاس ئۆزگىرىشچان ئاھاڭلىرى بولىدۇ. لىرىكىلىق ناخشىلار روھلۇق، كۆتۈرەڭگۈ ھالدا بىر قانچە ئۆزگىرىشلەر بويىچە ئېيتىلىدۇ.

تالانتلىق خەلق مۇزىكانتلىرىنىڭ داستانلار، تارىخىي چۆچەكلەر ۋە تۇرمۇش تېمىلىرىغا بېغىشلىنىپ، ھەر قايسى مۇزىكىلار بىلەن ئورۇندىلىدىغان ئىجادىيەتلىرى «كۈي» دەپ ئاتىلىدۇ. كۈي ناخشا قىلىپ ئېيتىلماي، پەقەت مۇزىكا بىلەن ئورۇندىلىدۇ. ھەر بىر كۈينىڭ ئۆزىگە خاس رىۋايەتلىرى بولۇپ، بۇنى ئورۇندىغۇچى كۈيچىلەر بۇ خىل كۈيلەرنى ئورۇنداش ئالدىدا ئۇنىڭ مەزمۇنىنى قىسقىچە بايان قىلىپ كېلىپ: «ھە، ئەمدى بۇنى دومبىرا قانداق ئېيتىدىكىن، بۇنى تىڭشاڭلار» دەپ كۈينى چالىدۇ. قازاق كۈيلىرى تۈرلۈك مەزمۇنلاردا بولۇپ، ئۇنىڭدا: دەريا دولقۇنى، بۇلبۇل ئاۋازى، بوران، ئاتلارنىڭ مېڭىشى ۋە باشقا تۈرلۈك تەبىئەت ھادىسىلىرى بىلەن كۆڭۈل كۈيلىرى ئىپادىلىنىدۇ.

قازاقلارنىڭ قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان تارىخىي كۈيى — «بوز تورغاي»دا، ئۆز بالىلىرىنى يىلاندىن قوغدىغان بوز تورغاينىڭ قورقۇپ جان تالاشقانلىقى، ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالغان تورغاي بالىلىرىنىڭ چىرىلداشلىرى، يىلاننىڭ خىرىس قىلغىنى، ئانا تورغاينىڭ قاناتلىرىنى دىرىلدىتىپ قاققانلىقى، ئاخىرىدا ئۆز بالىلىرىنى قوغداپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز جېنىدىن كېچىپ، يىلاننىڭ ئېغىزىغا چۈشكەن ئەڭ ئاداققى مەزگىلدىكى «شىق» قىلغان ئاۋازلىرى دومبىرانىڭ ئاۋازى بىلەن بېرىلىدۇ.

قازاق خەلقىنىڭ تارىخىي داستانى «ئاقساق قۇلان» — XIII - ئەسىردە چىڭگىزخان دەۋرىدە چىققان كۈي. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، چىڭگىزخاننىڭ چوڭ ئوغلى جوجىخان ئوۋ ئوۋلاپ، يارىلانغان ئاقساق قۇلاننى قوغلاپ يۈرۈپ ۋاپات بولىدۇ. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن چىڭگىزخان:

«مۇشۇ شۇم خەۋەرنى كىم ئاۋال يەتكۈزسە، ئاغزىغا قوغۇشۇن قۇيىمەن» دەپ بۇيرۇق چۈشۈرىدۇ. خاننىڭ قاتتىقلىقىدىن قورقۇپ، قارا تۇتقۇچىلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى بىر-بىرىگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ. چىڭگىزخان بۇنىڭدىن تېخىمۇ غەزەپكە كېلىپ، خەلققە قەھرىنى چاچىدۇ. خەلقنىڭ تارتىۋاتقان ئازابىنى يېنىكلىتىش ئۈچۈن بەل باغلىغان نايمان قەۋمىنىڭ كۈيچىسى كەربۇغا چىڭگىزخانغا بۇ قايغۇلۇق خەۋەرنى «ئاقساق قۇلان» ناملىق يېڭىدىن ئىجاد قىلغان كۈيى بىلەن ئۇقتۇرىدۇ. چىڭگىزخان دومبىرانىڭ كېلىگە قوغۇشۇن قۇيىدۇ. بۇ كۈي زالىم، رەھىمسىز خاننىڭ غەزىپىنى، خەلقنىڭ ئېغىر ئازابىنى، ئوۋچىلىق تۇرمۇشىنى، كۆپلىگەن مېھرىبانلىق كۆڭۈل كۈيلىرىنى ئىپادىلەيدۇ. مانا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ھەر بىر كۈينىڭ ئاستىدا ھېكايە ۋە داستانلار بار.

ھازىر قازاقلارنىڭ ناخشىچىلىرى ۋە كۈيچىلىرى قازاقلارنىڭ بۇرۇندىن كېلىۋاتقان تارىخىي ناخشا - كۈيلىرىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇنى ئۈزلۈكسىز راۋاجلاندۇرۇپ، قازاق مىللىي مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن يېڭى ناخشا - مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلماقتا. كېيىنكى مەزگىلدە ئىجاد قىلىنغان قازاق كۈيلىرىدىن «ئىلى دولدۇلى»، «ئاق ئارال»، «ئىمىل دولقۇنى»، «باھار ئاپتىپى» قاتارلىقلار قازاق خەلقىنىڭ رادىئودىن سۆيۈپ ئاڭلايدىغان كۈيلىرىدۇر.

## ئۇسسۇل سەنئىتى ۋە تىياتىر

قازاق خەلقىنىڭ تۈرلۈك ئۇسسۇللىرى مېھنەتسۆيەر قازاق خەلقىنىڭ ئەمگىكىنىڭ مېۋىسىدۇر. قازاقلارنىڭ خەلق ئۇسسۇللىرى قازاق خەلقىنىڭ تۇرمۇشىنى، قائىدە - يوسۇنلىرىنى، قەلب سادالىرىنى ئىپادىلەيدۇ. «قارا يورغا»، «ئۆرە تېكە»، «بۈركۈت» («بوران قۇشى»)، «ئېيىق ئۇسسۇلى»، «ئەمگەك ئۇسسۇلى»، «ئايگۆلەك»، «ئوغلاق تارتىش» يەنە باشقا ئۇسسۇللار خەلق تۇرمۇشىنىڭ مەھسۇلى.

قازاقلاردا «قىز جىبەك»، «قوزى كۆرپەش - بايان سۇلۇۋ»، «سەلىخە - سەمەن»، «ئارقالىق» دېگەنگە ئوخشاش مۇھەببەت داستانلىرى ۋە تارىخىي داستانلارغا ئاساسەن تۈزۈلگەن ئوپېرالار بار. بۇ ئوپېرالار 1934- يىلىدىن بۇيان سەھنىلەردە ئوينىلىپ كەلمەكتە. ئۇلارنىڭ بەدىئىيلىكى يۇقىرى، بۇ ئوپېرالار باشتىن-ئاخىرى قازاق خەلقىنىڭ مول مەزمۇنلۇق ناخشا - كۈيلىرى ئارقىلىق ئورۇندىلىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاساسىي مەزمۇنلىرى: بىر - بىرىنى سۆيگەن ياشلارنىڭ پاك مۇھەببىتى، ئۇلارنىڭ ئەركىنلىك ئۈچۈن فېئودال قائىدە- تەرتىپكە قارشى ئېلىپ بارغان كۈرەشلىرىدىن ئىبارەت.

ھازىر ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىدا، چۆچەك ۋىلايىتىدە، ئالتاي ۋىلايىتىدە قازاقچە ئوپېرالارنى ئوينايدىغان كەسپىي تىياتىر ئۆمەكلىرى بار. شىمالىي شىنجاڭدىكى قازاق ناھىيەلىرىدە مەخسۇس ناخشا - ئۇسسۇل ئۆمەكلىرى بار. ئۇلار دائىم چارۋىچىلىق رايونلىرىدا سەييارە ئويۇن قويۇپ كەلمەكتە. شىنجاڭ قازاقلىرى ئارىسىدا ئەلىپبېك، تاھىر، كامال ماقاي، داۋلەت، قېزاتقا ئوخشاش كومپوزىتور- مۇزىكانتلار؛ خەمىت، تۇران، كامال، كولمانغا ئوخشاش داڭلىق ناخشىچىلار؛ قىمبات، سالىماگە ئوخشاش ئۇسسۇلچىلار؛ قازاقلارنىڭ كىنو فىلىملىرىدە دائىم باش رول ئېلىپ، ئاجايىپ زور ماھارەت كۆرسىتىپ كېلىۋاتقان پاتىمخاغا ئوخشاش كىنو ئارتىستلىرى بار.

(داۋامى كېيىنكى ساندا)




ئابدۇللا سۇلايمان

هەمراھ بول ماڭا ئەي ئىلھام پەرىسى،
ئۆلايلى ئاخشامنى سۈبھى - سەھەرگە.
ئاق لىچەك ئارتقىن ئاق گۈللەرنى تىزىپ،
ئاق پوتا باغلاي، كەڭ سەھرانى كېزىپ،
چىقايلى ئېگىز يىراق سەپەرگە.

سەپەرگە كەتكەنتى مۇشۇ يول بىلەن،
گېئولوگ ھەدەمىز تاغلارنى كۆزلەپ.
ئاھۇلار سىرداشقان دەشتى سايلاردا،
بىپايان كەڭلىكلەر، سۇسىز جايلاردا،
ھەر ئىزى تۇرمامدۇ ئىشنى سۆزلەپ؟

سۆزلەپ بوزتورغايلار ئۈنىگىدىن قىسسە،
ئېيتماقتا كەڭلىكلەر تەشەككۈرىنى.
سۇمبۇللار ئىزىنى كۆمگەن پۇراقتا،
شوخ شامال تارقىتىپ خۇش ھىد ئۇزاقتا،
قوزغىتار دىللارنىڭ تەپەككۇرىنى.

تەپەككۇر ئېتىڭغا مىنگەشكىن پەرى،
ئانىجان خەير دەپ سىلكىنتى ياغلىق.
مەرسىيە كۈيىنى ئېيتقىن بار ئۈندە،
قايغۇلۇق بىر خەۋەر يەتكەن بۇ كۈندە،
قاردىلىق لىباسى يېپىنسۇن تاغلىق.

تاغلىق — باي مەدەنلىك يۈكسەك چوققىلار،
ئالغان ئۇ ھەدىنى بۆگۈن قوينىغا.
مەنزىرلىك غار — تەشمە بولۇپ ئارامگاھ،
ياتىدۇ ئەتراپقا تاشلاپ ئۈنىگاھ،
چەك گىرە سېلىپ تاغ - قىيا بويىنغا.

بويىنغا ئېلىپ ئۇ ئېغىر ۋەزىپە،
ئىشلىگەن دەل ئەشۇ جايدا يىل - ئايلاپ.
كەلتۈرۈپ ئىلىسىملىق تاغنى ئەيۋەشكە،
قازغان ھەر قاتلامدىن ھەر خىل ئەۋرىشكە،
چىققاندەك بېغىدىن گۈلچى گۈل تاللاپ.

تاللاپ ئۈچىمەن تاغ جىنسلىرىدىن،
كۆرگەندە مارجانغا ئايلانغان تاشنى؛
قىياسى — ھۆكىمگە ھازىرلاپ ئاساس،
كەلتۈرۈپ ھەر قاتلام دەلىلىنى ماس،
بىلگەن زور كۈيئېنلون ياشىغان ياشنى.

ياش پېتى تاش بولۇپ قاتقان مەۋجۇدات،
تونۇتقان ئۈنىڭغا يەرنىڭ سىرىنى.
ئىشەنچلىك چىرتيوژ، ئۇنلاپ ئەسەرگە،
خەتەرنى يېڭىپ ھەم قۇچقان زەپەرگە،
يامغۇردەك تۆككەن ساپ ئەجرى - تېرىنى

تېرىنى توكۇپ ئۇ ئاشۇ كاۋنىمۇ،
يەتتە مىڭ مېترلىق چوققىغا چىققان.
قىينالغان بولسىمۇ شالاڭ ھاۋادا،
لاچىندەك پەي قېقىپ گويا سامادا،
يەر ئىلمى ئۈچۈن كۆپ ئەۋرىشكە يىغقان.

يېغقان مول ماتېرىيال تۆھپىسى بىلەن،
ئەل - يۇرتقا تونۇلغان بۇ ئۇيغۇر قىزى.
قار كۆچۈپ توساتتىن يېقىنلاپ خەتەر،
ئاھ! شۇ پەيت شۇم ئەجەل سانچىغاچ نەشتەر،
چوققىنىڭ ئۈستىدە يۇمۇلغان كۆزى.

كۆزى راست يۇمۇلدى دەمسەن، ئەي پەرى،
ياتىدۇ شۇ تاپ ئۇ بەھوزۇر ئۇخلاپ.
گۈلزۇپەر، سۇمبۇللار سۆيۈپ لېۋىدىن،
تاغ سۈيى شىلدىرلاپ ئاقار يېنىدىن،
كېلىدۇ بۇركۇتلەر ئۇنى ھەم يوقلاپ.

يوقلاپ بىز چىققاندا ئەشۇ يول بىلەن،
كۆردىمىز ئاق لىباس كېيگەن قىيانى.
شۇ قىيا — تىزمىلار ئۇنىڭ قەبرىسى،
مەرسىيە ئېيتىدۇ شامال ئەۋجىسى،
كۆردىمىز ئۇنىڭغا ئىمسال گىيانى.

گىيانى — تاش يېرىپ ئۆسكەن لەيلىنى،
كۆزلەرنىڭ شەبنىمى بىلەن يۇيايلى.
بىز ئېلىپ چىققان ئاق گۈللەرگە شۇ دەم،
سېغىنىش، سۆيگۈنى قىلىپ مۇجەسسەم،
چوققىلار ئۈستىدە بىللە قويايلى.

قويايلى جۇپ باشنى ئۇنىڭ بېشىغا،
سىردىشىپ ھەددىمىز بىلەن قانغىچە.
كۈندىلىك خاتىرە بەتلىرىنى بىز،
(تەر بىلەن يېزىلغان خەتلىرىنى بىز)،
كۆرەيلى تۈنلىرى كۆزلەر تالغىچە.

تالغىچە، ياق تەشنا يۈرەك قانغىچە،
ئالايلى خاتىرە بېتىدىن ئۇزۇق.
ئۇنىڭ غەم - غۇسسىلىك ئاياز تۈنلىرى،
باھاردەك ياشلىقى — خۇشال كۈنلىرى،
بولىدۇ ئايان قۇر ئارا زېپ تولۇق.

2

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتكەندە ئۇ،
تولغانتى توققۇزغا ۋەتەننىڭ يېشى.
چاقىردى ئۈرۈمچى قوينىغا ئۇنى،
كۆتۈردى ئېلىپ ئەل بويىنىغا ئۇنى،
يەتكەنتى ئاشۇ دەم ئاسمانغا بېشى.

بېشىنى مېھرىبان ئانىسى سىلاپ،
دېگەنتى: بار قىزىم ئوقۇپ بىلىم ئال!
(بىز ئۆتتۇق ئۆتمۈشنىڭ زۇلمىنى تارتىپ،
نادانلىق يۈكىنى يەلكىگە ئارتىپ)،
سەن بۇ ئۆز تاڭدىكى چولپان بولۇپ قال!

قال ياخشى، قەدىمكى يۇرتۇم خەير - خوش!
دېگەن ئۇ، مەرىپەت يۇرتىغا كەتكەن.
«قىزىل بىنا» مۇنبىرى ياڭراتقان ئوتتۇق،
ئەل قوچقان كەشپىيات — ئىختىرا، ئوتتۇق،
قەلبىگە ھاياتىي كۈچ بەخش ئەتكەن.

ئەتكەن ئۇ چىدامنى ئۆزىگە ھەمراھ،
چەت ئەلگە ئەۋەتكەن چاغدىمۇ ۋەتەن.
چەت ئەلدە بەش يىلنى بىر كۈندەك بىلىپ،
كەلگۈسى ئىشىغا ئاساس — ئۇل سېلىپ،
ئۆز يۇرتى، دوستلارنى قىلغان كۆپ خورسەن.

خورسەن — خۇش بولۇپ خانتەڭرى ئۇنىڭدىن،
بۇغدانى جام قىلىپ تۇتقانىدى چاي.
خۇش كەپسەن دەپ قۇتلاپ شاۋقۇنلۇق تارىم،
تەشنا بىز ساڭا دەپ پۈتمەس زەر كانىم،
ئەۋەتكەن شامالدىن سالام تاغۇ — ساي.

ساي — سايلار ئۇ باسقان ئىزلارغا شاھىد،
باشلىغان جەڭگىۋار تۇرمۇش - ھاياتنى.
سېغىنغان ئۇۋىسى بۇركۇت باققاندەك،
قولاقتىن كېيىن چىققان مۈڭگۈز ئاشقاندەك،
ئىجادتا يايغان ئۇ تالماس قاناتنى.

قاناتنى، ياق ئۇنىڭ قامەت — بەستىنى
ئەگكەن ئون يىلنىڭ جۇت بورىنى بىردىن.
«گۇناھ» سى قۇندۇزدەك چېچىدىنمۇ كۆپ،
كىتابى بولۇپ «ئەڭ زەھەرلىك ئوت -چۆپ»،
خەۋەردار قىلىنغان ھەممە بۇ «سىر» دىن.

«سىر» دىن زور ۋەھىمە سېزىپ رەزىل ياۋ،
قىلغان ئۇ ھەددىنى تارىمغا سۈرگۈن.
توغراقلىق توقايغا كەپە ئۆي تىكىپ،
كەچۈرگەن كۈن تۆھمەت دەردىنى چېكىپ،
كەلگۈچە ئىككىنچى باھار ئۆز — گۈلگۈن.

گۈلگۈن ياز ئاپتىپى ئېرىتكەندە مۇز،
ئەل مېھرى دەردىگە بەرگەن شىپالىق.
ئىزباسقان تونۇش ساي - ئېرىقلارغا ئۇ،
بارغان ھەر قونالغۇ، چېدىرلارغا ئۇ،
تىنگىشىغان كۆيىنى جىلغا، قىيالىق.

قىيالىق تاغ بۈگۈن ئۇنىڭ قەبرىسى،
قالدۇردى ئۇ بىزگە قىممەتلىك مىراس.

مىراسى — چىدامىلىق، سۇباتلىق خىسلەت،
ئالەمنى بىلىشكە ئىنتىلگەن مەقسەت،
غۇرۇرلۇق ياشىغان ئادەملەرگە خاس!

خاس شۇڭا ئاق دىلدەك ئاپئاق گۈلىمىز،
تاغ قىزى — مەرھۇمە ھەدىمىز ئۈچۈن.
چوققىغا چىقالىلى ئىزىدىن مېڭىپ،
ئەل مېھرى — ئىشقىنى دىللارغا تېگىپ،
ئەي پەرى، نۇرانە ئەتىمىز ئۈچۈن!




مۇھەممەت ئېلى زۇنۇن

## بىناكارلار ناخشىسى

ئىشچىلار بىز غەيرەتلىك،
قەلبى ئوت - ھارارەتلىك.

بىز سالغان ئىمارەتلەر،
شۇنچە كۆركەم، ھەيۋەتلىك.

تومۇزدا، قارا قىشتا،
بىنا سالىمىز خىشتا.

پەن - بىلىم يورۇق مەشئەل،
قورۇلۇشتا، ھەر ئىشتا.

ئەمگىكىمىز - تەرىمىز،
ئەلگە بەرگەن بەھرىمىز.
گۈللىسۇن، گۈزەللەشسۇن
ئەزىزانە شەھىرىمىز.
قايتارما:
قۇرغۇچى - بىناكار بىز،
ئەل ئۈچۈن پىداكار بىز.

## قۇدرەت تاپسۇن نەسلىمىز

نېمە ئانچە چىرايلىق،
شەھىرىمىزنىڭ سەھەرى.
مەكتىپىگە يول ئالدى.
ئەلنىڭ جانۇ - جىگەرى،
كۆزىمىزنىڭ گۆھەرى.

مەكتىپىگە ماڭغانلار،
بىزنىڭ ئوغۇل - قىزىمىز.
ئامراق ئوغۇل - قىزىمىز،
يوللىرىدا كۆزىمىز،
ئوتلىرىدا كۆيىمىز.

پەن - بىلىملىك ئەسلى بىز،
دانىشمەنلەر نەسلى بىز.
يېڭى ئەۋلاد بەختىچۈن،
تاپقىنىمىز - ۋەسلىمىز،
قۇدرەت تاپسۇن نەسلىمىز.




رەيھانگۈل ئابلىز

ئۆتكەن يىلى 11-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 28-كۈنىگىچە، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى بەنگۈكتىگىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش مۇھەممەت ئىسمائىل باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ سەنئەتچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىكى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئويۇن قويىدۇق ۋە دوستانە زىيارەتتە بولدۇق.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تالانتلىق چالغۇچىلىرى، ناخشىچىلىرى، ئۇسسۇلچىلىرى ۋە سېھىرك ئارتىستلىرىدىن تەشكىللەنگەن 20 كىشىلىك ۋەكىللەر ئۆمىكىمىز 11 - ئاينىڭ 10 - كۈنى كېچە سائەت 2 دە شارجا ئايروپورتىنىڭ كۈندۈزدەك يورۇق كەڭرى مەيدانىغا چۈشكەندە، ئەتراپ بايرامدەك قايناپ - تاشقىنلىقتا چۆمگەنىدى. بىزنى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئاخبارات شىركىتىنىڭ دىرېكتورى، ساھىبخان فائىز ئەھمەد ئەپەندى، هۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار ئەربابلىرى ۋە مەدەنىيەت-ئاخبارات ساھەسىنىڭ ۋەكىللىرى؛ دۆلىتىمىزنىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە تۇرۇشلۇق دىپلوماتىك خادىملىرى؛ شۇنداقلا بىزدىن بالدۇرراق شۇ يەرگە يېتىپ بارغان شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ رەئىسى تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرى ۋە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق تاشقى ئىقتىسادىي سودا نازارىتىنىڭ نازىرى ئابدۇللا رەھىم باشچىلىقىدىكى شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش ئۆمىكىدىكى ۋەكىللەر قىزغىن قارشى ئالدى.

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى— ئەبۇزەبى، دۇبەي، شارجا، ئاجمان، ئوم ئال كايۋائىن، فۇجائىرا ۋە كىخماخ تۇمشۇقىدىن ئىبارەت يەتتە خەلىپىلىكتىن تەشكىل تاپقان بولۇپ، ئەرەب يېرىم ئارىلىنىڭ شەرقىي قىسمىدىكى پارس قولتۇقىنىڭ جەنۇبىي قىرغىقىغا جايلاشقان، دېڭىز چېگرىسى تەخمىنەن 640 كىلومېتر كېلىدىكەن. شەرقىي شىمالىدىكى يېرىم ئارال قىسمى تاغلىق، قالغان قىسمى دېڭىز يۈزىدىن 200 مېتر ئەتراپىدا ئېگىز بولۇپ، پۈتۈنلەي كۆز يەتمەس قۇملۇق ۋە يايلاقلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. هاۋا كېلىماتى ئىنتايىن ئىسسىق ۋە قۇرغاق بولۇپ، 5 - ئايدىن 10 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا چۈش مەزگىلى 50 گرادۇسقا



يېتىدىكەن، كېچىسى سالقىنلاپ 20 گرادۇسقا چۈشىدىكەن، 12 - ئايدىن 4 - ئايغىچە تېمپېراتۇرا ئادەتتە 20 گرادۇس ئەتراپىدا بولىدىكەن. شۇڭلاشقا قۇياشنىڭ تونۇردەك تەپتىۋە كۆزنى قاماشتۇرغۇچى ئۆتكۈر نۇردىن مۇداپىئەلىنىش ئۈچۈن ھەممە ئادەم قارا كۆزەينەك تاقايدىكەن، قارا كۆزەينەكسىز سىرتقا چىقمايدىكەن.

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىنىڭ يەر مەيدانى 85مىڭ كۋادرات كىلومېتىر، ئاھالىسى 1 مىليون 126 مىڭ ئەتراپىدا بولۇپ، كۆپ قىسمى ئىسلام دىنىنىڭ سۈننىي مەزھىپىدە، دۇبەي شەھىرى ئاھالىسىنىڭ خېلى بىر قىسمى بولسا شىئە مەزھىپىدە ئىكەن. ئەرەب تىلى دۆلەت تىلى بولۇپ بۇنىڭدىن باشقا ئىنگلىز تىلىمۇ قوللىنىلىدىكەن.

ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى نېفىت بايلىقى مول دۆلەت بولۇپ، خەلىپىلىكتىكى 11 نېفىتلىكنىڭ تۆتى قۇرۇقلۇقتا، قالغانلىرى دېڭىزدا ئىكەن. ئىگىلىكتە نېفىتنى مۇتلەق مەركەز قىلىش بىلەن بىرگە، قىسمەن دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىق بىلەنمۇ شۇغۇللىنىدىكەن. بىراق ئاشلىقتا ئۆزىنى قامداپ كېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈن، $\frac{2}{3}$ قىسىم ئاشلىق پۈتۈنلەي سىرتتىن كىرگۈزۈلىدىكەن. يالغۇز نېفىت ئېكسپورتى ئارقىلىق قولغا كەلگەن كىرىم جەھەتتىن ئېيتقاندىمۇ بۇ دۆلەت دۇنيا بويىچە كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئوتتۇرىچە دارامىتى ئەڭ كۆپ دۆلەت ئىكەن.

1971 - يىلى ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھۆكۈمەت دۆلەت ئىقتىسادىنىڭ زور دەرىجىدە يۈكسىلىشىگە ئەگىشىپ، مەدەنىيەت - مائارىپ ئىشلىرىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ئاز ساندىكى دىنىي مەكتەپلەردىن سىرت يەنە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ئوتتۇرا ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى كەڭ كۆلەمدە ئاچقان. 100 گە يېقىن ساۋاتسىزلىقنى يوقىتىش مەركىزى قۇرغان. تەخمىنەن 15 مىڭغا يېقىن كىشى ساۋات چىقىرىش كۇرسلىرىغا قاتناشقان. ھازىر مەملىكەت بويىچە ساۋاتسىزلار ئومۇمىي ئاھالىنىڭ10 پىرسەنتىگىمۇ يەتمەيدىكەن. خەلىپىلىكتە «ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئۇنىۋېرسىتېتى» نامىلىق بىر ئالىي بىلىم يۇرتى بار ئىكەن.

ھۆكۈمەت يەنە ئاخبارات - نەشرىيات ئىشلىرىنى زوركۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئەرەب ۋە ئىنگلىز تىللىرىدا ئونغا يېقىن گېزىت - ژۇرنال نەشر قىلغان. ئەبۇزەبى، دۇبەي، شارجا، كىخماخ تۇمشۇقى قاتارلىق شەھەرلەردە رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنى قۇرغان.

بىزنى ئەجەبلەندۈرگىنى شۇ بولدىكى، ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكى ئىقتىسادىي جەھەتتە شۇنچە تەرەققىي تاپقان دۆلەت بولسىمۇ، لېكىن بىرەرمۇ دۆلەتلىك سەنئەت ئۆمىكى، رادىئو، تېلېۋىزىيە ئوركېستىر ئۆمىكى ياكى كىنو ستۇدىيىسى يوق ئىكەن. ئۇلاردىكى كىنو فىلىملىرى، تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى، ئەدەبىيات - سەنئەت نومۇرلىرى پۈتۈنلەي مىسىر، سۈرىيە، تۇنىس، ئالجىرىيە، ئىراق، ھىندىستان، پاكىستانلاردىن كىرگۈزۈلىدىكەن. ئائىلىلەردە تېلېۋىزور ۋە سىن ئالغۇلار ئومۇملاشقانىكەن. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا سىن ئالغۇ لېنتىلىرىنى كۆپەيتىپ ئىشلەيدىغان شىركەت ۋە سىن ئالغۇ لېنتىلىرىنى سېتىش، ئىجارىگە بېرىش ئورۇنلىرى كۆپ ئىكەن. ئومۇمەن ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى كەڭ خەلق مەدەنىيەت تۇرمۇشىغا، بولۇپمۇ سەھنىلەردە ئوينىلىدىغان ناخشا - ئۇسسۇل، تىياتىر ۋە ھەرخىل سەنئەت نومۇرلىرىغا تولىمۇ تەشنا ئىكەن.

بىز رەئىس تۆمۈر داۋامەت باشچىلىقىدىكى دوستلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكىنىڭ دوستانە زىيارەت پائالىيىتىگە ۋە شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ ئېكسپورت مەھسۇلاتلىرىنى كۆرگەزمە قىلىش پائالىيىتىگە تېخىمۇ زور مەزمۇن قوشۇش ئۈچۈن ئېكسكۇرسىيە ۋە زىيارەتتە بولغان قىسقىغىنە 19 كۈن ئىچىدە جەمئىي 30 نەچچە مەيدان ئويۇن كۆرسىتىپ، جۇڭگونى تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭ مۇسۇلمانلىرىنىڭ يېڭى تۇرمۇشى ۋە قائىدە - يوسۇنلىرىنى تونۇشتۇرۇش، شىنجاڭنىڭ بايلىقلىرى

ۋە گۈزەل مەنزىرىسىنى تونۇشتۇرۇش، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ نادىر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنى تونۇشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلىمىز خەلقى بىلەن مۇسۇلمان ئەللىرى خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋەتنى تېخىمۇ كۈچەيتىش ئۈچۈن مۇناسىپ تۆھپە قوشتۇق.

تۆمىكىمىز ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە ئورۇنلىغان نومۇرلاردىن:

ئاتاقلىق راۋابچى داۋۇت ئاۋۇت ئورۇنلىغان مۇزىكا: «شادىيانە»، «مېنىڭ راۋابىم»؛

رەيھانگۈل ئابلىز (مۇئەللىپ) ئورۇنلىغان ئۇسسۇل: «ئۈزۈمچىلىك»، «تارىم گۈلى»؛

ئاتاقلىق ياش ئۇسسۇلچى كۈرەش رەجەپ ئورۇنلىغان ئۇسسۇل: «شاد يىگىت»؛

تالانتلىق ياش ناخشىچىلار باھارگۈل، ئەركىن قۇتبىدىنلار ئايرىم - ئايرىم ھالدا ئورۇن - لىغان «مۇدەنخان»، «مىزانگۈل»، «قەشقەردە باھار» ۋە ئۇلار بىرلىكتە ئورۇنلىغان: «شىرىنجان»، «باھارىمىز چىرايلىق» قاتارلىق ناخشىلار؛

تالانتلىق ياش نەيچى ۋە نەي ئاھاڭلىرى ئىجادىيەتچىسى ئابدۇكېرىم ئابدۇرېھىم نەي بىلەن ئورۇنلىغان مۇزىكا: «يۇرتۇمدا باھار»، «قۇشلار سايرىشار تىنماي»؛

مۇنەۋۋەر ياش ئۇسسۇلچىلار ھەبىبە ئابدۇللا، دىلنار ئابدۇللا ۋە پاتىگۈللەر ئورۇنلىغان: «دولان ئۇسسۇلى»، «تەزە»، «گۈل ئىشقىدا»، ئۆزبېكچە ئۇسسۇل «كەلمىدى»؛

چالغۇچىلىرىمىز ئورۇنلىغان مۇزىكا: «تاشۋاي» ۋە مىسىر خەلق مۇزىكىسى «ئەزىزە»؛

تالانتلىق ياش سېرك ئارتىستلىرى ئەنۋەر، غەيرەت، ئابدۇكېرىم، رەيھانگۈل قاتارلىقلار ئورۇنلىغان: «تەخسە پىرقىرىتىش»، «ئەينەككە قاراش»، «گۈل چىشلەش» قاتارلىق نومۇرلار تاماشىبىنلارنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. گۈلدۈراس چاۋاك ساداسى ئىچىدە بەزى نومۇرلار تەلەپ بويىچە قايتا ئورۇنلاندى. گېزىت-ژۇرنال، رادىئو - تېلېۋىزورلاردا ئويۇنىمىز تونۇشتۇرۇلدى. مەخسۇس خەۋەر ۋە ماقالە - ئوبزورلاردا: ئۇيغۇر ناخشا - ئۇسسۇل سەنئىتىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە ئىكەنلىكى، يېقىملىقلىقى، كىشىگە ئىستېتىك زوق بېغىشلايدىغانلىقى، ناخشا - مۇزىكىلىرىمىزنىڭ مېلودىيىسىنىڭ ئەرەب ئاھاڭلىرىغا ناھايىتى يېقىن كېلىدىغانلىقى؛ مۇزىكا - ئۇسسۇللىرىمىزنىڭ ئىپادىلەش شەكلى، مەزمۇنى ۋە ئودار- تېمپلىرى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە، نازاكەتلىك، سۈلكەتلىك، جۇشقۇن بولۇپ، كىشىگە روھىي ئوزۇق، شادلىق، ئۈمىد ۋە ئىلھام بەخش ئېتىدىغانلىقى . . . ئالاھىدە تىلغا ئېلىندى. گېزىتلەرگە: «نادىر شەرق ئۇسسۇلى»، «ئەڭ مۇكەممەل مۇزىكا»، «يۈكسەك بەدىئىي ماھارەت» دېگەن سەرلەۋھە- لەردە ئويۇنىمىز تونۇشتۇرۇلغان خەۋەر ۋە سۈرەتلەر بېسىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدىكى ھەرساھە ئەرباپلار ھەمدە ھەرقايسى ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن مېھمانلار ھەر كۈنى دېگۈدەك تۆمەك رەھبەرلىكى ۋە ئارتىستلارنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىزدەپ كېلىپ، دوستلۇق خاتىرىسى ئۈچۈن بىرلىكتە سۈرەتكە چۈشۈۋېلىشنى، ئۆزلىرىنىڭ خاتىرە دەپتەرلىرىگە ئىسىم - فامىلىمىز ۋە ئادرېسىمىزنى يېزىپ بېرىشىمىزنى ئىلتىماس قىلدى. بۇ كۆرۈشۈش مىنۇتلىرىدا ئۇلار تولۇپ - تاشقان قىزغىنلىق ۋە ھاياجان ئىچىدە ئۆزلىرىنىڭ تەسىراتلىرىنى كەڭ كۆشادە سۆزلەپ: ئويۇنىمىزنى كۆرۈش ئارقىلىق شىنجاڭنى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنى دەسلەپكى قەدەمدە چۈشەنگەنلىكىنى، بۇ ئۇنتۇلغۇسىز، ھاياجانلىق مىنۇتلارنى مەڭگۈ ئەسلەيدىغانلىقىنى، ئۆزلىرىدە شىنجاڭنى زىيارەت قىلىش، شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ئىستىكى تۇغۇلغانلىقىنى، ئۆز دۆلەتلىرىگە قايتقاندىن كېيىن ئۇيغۇرلارنىڭ سەنئىتىنى ئۆز دۆلەتلىرىدىكى خەلقلەرگە كەڭ تونۇشتۇرىدىغانلىقىنى ۋە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى قايتا - قايتا بىلدۈردى ۋە بىزنى كەلگۈسىدە ئۆز دۆلەتلىرىگە بېرىپ ئويۇن قويۇشقا تەكلىپ قىلدى.

بىز دۇبەي شەھىرىدە ئويۇن قويۇۋاتقان مەزگىللەردە ئەرەب ئەللىرىدىن كەلگەن دوست- لاردىن باشقا يەنە پاكىستان، ھىندىستان، تۈركىيە، ئىرانلاردىن كەلگەن دوستلارمۇ ۋە تەيۋەن،

شىياڭگاڭلاردىن كەلگەن قېرىنداشلىرىمىز بىزنى ئىزدەپ تۇردى. ئۇلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھاتتا قولغا كەلتۈرگەن يېڭى نەتىجىلىرىدىن، نازاكەتلىك، يېقىملىق، نەپىس سەنئىتىمىزدىن، شۇنداقلا گۈزەل ئەخلاق - پەزىلىتىمىزدىن ناھايىتى مەمنۇن ۋە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. زىيارەت ۋە ئويۇن قويۇش مەزگىلىدە پاكىستانلىق بىر جۈپ ئەر - ئايالنىڭ دوستانە مۇئامىلىسى مەندە چوڭقۇر تەسىرات قالدۇردى. ئويۇن جەريانىدا ئۇلار بالىلىرى بىلەن كۆپ قېتىم ئويۇنىمىزنى كۆردى ۋە بىز تۇرۇۋاتقان مېھمانخانىغا كۆرۈشكىلى كەلدى. ياش، قەددى - قامىتى كېلىشكەن، پاكىستانلىق ئايالنىڭ مەن بىلەن چىرايلىق سالاملىشىپ، ئاز - پاز ئوردۇ تەلەپپۇزى ئارىلاش ئۇيغۇرچە سۆزنى شۇنچە ئوچۇق، توغرا بايان قىلالىشى ۋە ماڭا قاراپ تۇيۇقسىزلا: «مېنىڭمۇ ئېتىم رەيھان، ئىككىمىزنى ئاللاھ دىدارلاشتۇردى. بىز مەڭگۈ ئايرىلماس دوستلاردىن بولۇپ قالايلى، ئىنشائاللاھ!...» دېيىشى مېنى تاڭ قالدۇردى. چۈنكى شىنجاڭدىن ئايرىلغاندىن بۇيان تېخى ھېچبىر چەت ئەللىك ماڭا ئۇيغۇرچە سۆزلەپ باقمىغانىدى.

رەيھان، مېنىڭ شادلىق ۋە ھەيرانلىق چىقىپ تۇرغان چىرايىمنى كۆرۈپ كۆزىگە لىققىدە ياش ئالغان ھالدا: «مەنمۇ ئۇيغۇرمەن...» دېدى- دە، مېنى باغرىغا چىڭ باستى. بۇ مېنى تېخىمۇ تاڭ قالدۇردى.

ئەسلىدە بىزنى ئىزدەپ كەلگەن بۇ ئەر - ئايال ئىككىيلەن پاكىستاننىڭ ئەرەب بىرلەشمە خەلىپىلىكىدە تۇرۇشلۇق ئاۋىئاتسىيە ئىش بېجىرىش ئورنىنىڭ ئۇچقۇچىلار يېتەكچىسى ئىقبالبېك بىلەن ئۇنىڭ رەپىقىسى رەيھانە ئىكەن.

رەيھانەنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەسلى جەنۇبىي شىنجاڭلىق ئۇيغۇرلاردىن بولۇپ1940-يىللاردا سودىگەرچىلىك بىلەن پاكىستانغا چىقىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغانىكەن. رەيھانە پاكىستاندا تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ۋە ئۇيغۇرچە سۆزنى ئۇنتۇمىغان بولسىمۇ ئەمما شىنجاڭنى كۆرمىگەنىكەن. شۇڭا بۇ قېتىم ئۆز قېرىنداشلىرىنى ۋە ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئەت نومۇرلىرىنى يىراق ئەرەب دۆلىتىدە كۆرۈش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇش ئۇنىڭغا بەكمۇ تەسىر قىپتۇ ۋەكۆڭلىدە كۆرۈپ قانماپتۇ. ئىقبالبېكمۇ ئايالىنىڭ ئۆز مىللىتىنىڭ سەنئىتىگە بولغان مۇھەببىتى، تەقەززالىقى ۋە كۆڭلىنى چۈشىنىپ، شارجا خەلىپىلىكىنىڭ مەركىزى شارجا شەھىرىدىن دۇبەي خەلىپىلىكىگە كېلىپ، ئائىلىسى بويىچە ئويۇنىمىزنى قايتا- قايتا كۆرۈپتۇ، ئاخىرى بۇنىڭغىمۇ قانائەت قىلماي بىزنى يوقلاپ كەلگەنىكەن.

بۇ بىر جۈپ ئەر - ئايال قايتا - قايتا ئۆزرە ئېيتقىنىمىزغىمۇ ئۇنىماي بىزنى ئۆيىگە مېھمانغا چىللىدى. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر دوستلۇقى ۋە كۆڭلىنى يەردە قويماسلىق ئۈچۈن ئۆمەك تەشكىللى ئاخىرى ئۇلارنىڭ تەكلىپىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئىلگىرى - ئاخىر بولۇپ ئۈچ قېتىم ئۇلارنىڭ ئۆيىدە مېھمان بولدۇق. ھەر قېتىم ئۇلار بىزنى ئۆزىنىڭ ماشىنىسىدا ئاپىرىپ - ئەكەلدى. بىز ئۇلارنىڭكىدە خۇددى ئۆز ئۆيىمىزدە ئولتۇرغاندەك ئەركىن - ئازادە ئولتۇرۇپ ناخشا ئېيتىپ ئۇسسۇل ئوينىدۇق ۋە كەڭ كۆشادە مۇڭداشتۇق، بىللە سۈرەتكە چۈشتۇق. ئۇلار بىزگە ئۆزلىرىنىڭ نۇرغۇنلىغان ياخشى تەسىراتلىرىنى بايان قىلىشتى.

رەيھانەنىڭ تەرجىمە قىلىپ بېرىشى ئارقىلىق ئىقبالبېك بىزگە مۇنداق دېدى:

«بۇرۇن شىنجاڭ دېسە تەرەققىي قىلمىغان، ناھايىتى قالاق، نامرات بىر يەر كۆز ئالدىمغا كېلەتتى. لېكىن ئويۇنلىرىڭلارنى كۆرگەندىن كېيىن شىنجاڭدا خېلى زور تەرەققىياتلار بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم، سىلەر بىز بۇرۇن ئاڭلىغاندەك ۋە پەرەز قىلغاندەك ئارقىدا قالغان

مىللەت بولماستىن، ئىلغار، ئەقىل - پاراسەتلىك مىللەت ئىكەنسىلەر. ئۇيغۇر خەلقى دۇنيادىكى مۇسۇلمان مىللەتلەر ئىچىدە ئاڭ - پىكرى بىر قەدەر ئېچىلغان، سەنئىتى ئالاھىدە گۈللەنگەن مەدەنىيەتلىك ۋە پەزىلەتلىك مىللەت ئىكەنسىلەر. يەنە بىر تەسىراتىم: سىلەردەك ئايال ئارتىستلارنىڭ بىر دۆلەت ۋە خەلققە ۋەكالىتەن، سەنئەت خىزمىتى بىلەن ئىككىنچى بىر دۆلەتكە كەلگەنلىكى، ئەركىن، ئازادە يۈرەلىگەنلىكى ۋە سەھنىدە ئۆز تالانتىنى كۆرسىتەلىگەنلىكى، سىلەردە ئاياللارنىڭ ئەرلەر بىلەن ھوقۇقتا باراۋەر ئىكەنلىكىنى ۋە ئاياللارنىڭ ئازادلىققا ئېرىشكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، تۈزۈم ۋە سىياسىتىڭلارنىڭ ئادىل، ئاقىلانە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، دېدى.

رەيھانەمۇ ھاياجان ئىچىدە مۇنۇلارنى دېدى:

«مەن ھەج تاۋاب قىلغىلى مەككە - مەدىنىگە ماڭغان ۋە قايتقان ئۇيغۇرلارنى ئانچە - مۇنچە كۆرگەن، لېكىن سىلەردەك ئۆز مىللىتىمنىڭ ئارتىستلىرىنى تېخى كۆرمىگەنىدىم. مەن ئۆز مىللىتىمنىڭ ناخشا - ئۇسسۇللىرىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىمدىن بېشىم كۆككە يەتتى. بىر مەيدانىمۇ ئويۇندىن مەھرۇم قالغۇم كەلمىدى. ھەتتا ئويۇندىن كېيىن ئۆيۈمگە كەتكۈم كەلمىدى. ئۆيگە بارغاندىن كېيىنمۇ ئۇيقۇم كەلمەي، قاچان تاڭ ئاتار؟ قاچان يەنە بىر قېتىم كۆرەرمەن دەپ تاقىلداپ كەتتىم. بىزنىڭ ئارتىستلىرىمىز ئادەمگە ناھايىتى يېقىشلىق، ئادەمگەرچىلىكى كۈچلۈك، ئەدەپ - ئەخلاقلىق ۋە كەمتەر ئىكەن. شۇڭا مەن باشتا ئەيمىنىپ سىزلەر بىلەن كۆرۈشۈشكە جۈرئەت قىلالمىدىم. چۈنكى پاكىستان، ھىندىستان ۋە ئەرەب دۆلەتلىرىدىكى ئاتاقلىق ئارتىستلارنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولۇش مىنىستىرلارنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئېرىشىشتىنمۇ تەس. مەن سىلەر بىلەن دىدارلىشىپ، ئويۇنىڭلارنى كۆرۈپ، ۋەتىنىمگە، مىللىتىمگە ۋە مىللىتىمنىڭ سەنئىتىگە بولغان مۇھەببىتىم، ئىپتىخارىم ئاشتى. جۇڭگو ھۆكۈمىتىگە بولغان ھۆرمىتىم ئاشتى. مەن سىلەر ئارقىلىق شىنجاڭنى ۋە خەلقىنى چۈشەندىم. مىللىتىمنىڭ بۈگۈنكى تالانتلىق، مۇنەۋۋەر ئارتىستلىرىنى چۈشەندىم. ئويۇن كۆرۈۋېتىپ مەن قېين - قېنىمغا سىغماي ئەپەندىمگە (ئېرىنى دېمەكچى) ھەر بىر ناخشا - ئۇسسۇلنىڭ مەزمۇنىنى تەرجىمە قىلىپ، ئېسىللىقىغا ئاپىرىن ئوقۇپ ئولتۇردۇم. ھەتتا ئەتراپىمدىكى تاماشىبىنلارنىڭ خاتىرجەم ئويۇن كۆرۈشىگە دەخلى يەتكۈزۈپ قويغىنىمنىمۇ تۇيماپتىمەن ...». ئەر - ئايال ئىككىيلەن: ئېسىل سەنئەتچىلەرنى سەھنىدە كۆرۈپ قالماي ئۆز ئۆيىمىزدىمۇ كۆرۈش بىز ئۈچۈن ئالەمشۇمۇل شان - شەرەپ، ئاز تېپىلىدىغان بەخت. بىز سىلەرنى مەڭگۈ يادلايمىز، كەلگۈسىدە چوقۇم شىنجاڭغا بارىمىز ... دېيىشتى. ئىقبالبېك يەنە پاكىستان بىلەن جۇڭگو خەلقىنىڭ دوستلۇقى ئۈچۈن چوقۇم شىنجاڭنىڭ قۇرۇلۇشىغا مەبلەغ سېلىش ئويىدا بولۇۋاتقانلىقىنى ئالاھىدە تەكىتلىدى.

مەن بۇ قېتىمقى دوستانە زىيارەت ئارقىلىق مىللىي سەنئەت ئۆمەكلىرىنى كۆپرەك چەتئەلگە چىقىرىشنىڭ، بولۇپمۇ مۇسۇلمان ئەللىرىگە كۆپرەك چىقىرىشنىڭ ئېلىمىز خەلقى بىلەن ھەرقايسى ئەل خەلقلىرى ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇق ۋە ئۆزئارا چۈشىنىشنى كۈچەيتىشتە ناھايىتى زور رول ئوينايدىغانلىقىنى، مىللىي سەنئىتىمىزنى تېخىمۇ راۋاجلاندۇرۇشنىڭ تولىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. شۇنداقلا سوتسىيالىستىك ۋەتىنىمىزنىڭ قابىلىيەتلىك ھەم ئەخلاقلىق سەنئەتكارى بولۇشنىڭ نەقەدەر بەخت ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم.

1987 - يىل ماي، ئۈرۈمچى



# شولانغان ھۆسن

(ھېكايە)

مىر مۇھسىن (سوۋېت ئىتتىپاقى)



تويدىن كېيىن بىر ھەپتە ئۆتە-ئۆتمەيلا «ئۆيىمدە يۈرىكى قىسىلىپ» كوچىغا چىقىپ كېتىۋاتقان كېلىن ئېرىگە تەبەسسۇم قىلىپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزىنى «ۋىكا» دەپ ئاتاشنى ئۇقتۇردى. خەيرىنىساخان دېگەن نامى ئۆزىگە يارىمايدىغانلىقى، بۇ «كونىچە» ئىكەنلىكىنى تەكرار ئېيتتى. فامىلىسى بېردىياروۋا ئەمەس، دې. بېردىنارد بولغىنىدا قانداق ياخشى بولاتتى. . . بىر دەپتىرى ئۈستىگە «ۋىكا» دەپ يېزىپمۇ قويۇپتۇ. نارقوزى بولسا مۇردىسىنى قىسىپ، ھەيران بولدى: ئېھتىمال ئۇزۇندىن-ئۇزۇن «خەي. . . رى. . . نى. . . سا. . . خان» دەپ يۈرگەنگە قارىغاندا، ئەپلىككىنە

## چەتئەل ئەدەبىياتىدىن

ۋىكا دەپ قويغىنى ياخشىراق. ۋىكا ئىشىكتىن چىقىۋېتىپ، نارقوزىنىڭ بوينىغا ئېسىلدى، يۈزىگە ئاستا سۆيدى. ئۈچ-تۆت قەدەم مېڭىپ، كەينىگە بۇرۇلۇپ قارىدى:

—گودباي!①

نارقوزى ھىجايدى، بىر ھەپتە ئىچىدە ئۇنى پات-پات سۆيۈشكە ئۆگەنگىنى قىزىق! بۇخارادىن كەلگەن بىر تۇغقىنى كېلىنگە قاراپ «قىزىقكەن. . .» دېدى.

ۋىكا كوچىدا ماڭغاندا قوللىرىنى ئۈچ بۇلۇڭ قىلىپ، مۈرىسىنى چىقىرىپ، گەۋدىسىنى ئوينىتىپ ماڭاتتى. بۇ «يىگىرمىنچى ئەسىر مېڭىشى» ئىمىش. . . كوچىدىن قايتىپ كەلگەن ۋىكا يان تامدىكى تىكلىمە ئەينەك يېنىدا تۇرۇپ، ئۆزىگە ئۆزى مەھلىيا بولدى. چېچى ئارىسىغا ئەينەك بانكا قويۇپ ھۆرپەيتتۈردى. ئۇزۇن سۇنئىي كىرپىكلىرىنى ئەگدى. . .

ئۇ دەر ھەقىقەت خېلى چىرايلىق، ئادەملەر گويا گۈزەللىك قەسرىگە قارىسا، ئۇنىڭچە ئەك ئاۋۋال مانا شۇ «پەشتاقئا» كۆز تاشلاشلىرى كېرەك. كۆپچىلىك ئىچىدە باشقىلارنىڭ دىققىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشنى غايەت ياخشى كۆرەتتى ۋە بەزىدە بۇنىڭ ھۆددىسىدىنمۇ چىقاتتى. باشقا تىلدا سۆزلەشنى سۆيەتتى، نېمىشقا ئادەملەر «ئەسپېرانتو (دۇنيا تىلى) تىلىدا سۆزلەشمەيدىكىن» دەپ ئېچىناتتى. بۇرۇنقى ئېرى بىلەن «خاراكتېرى كېلىشمەي» ئاجراشقان. ئۇ ئېرى ھازىر ۋىكانىڭ دەردىدە ئاھ ئۇرۇپ «بوينۇمغا تاش باغلاپ ئۆزەمنى دەرياغا تاشلايمەن» دەپ يۈرگەنمىش. ۋىكا بولسا، ئەينەككە قاراپ كۈلىدۇ، ناخشا ئېيتىدۇ:

ئەس. . . پېران... تو، ھە، ئەسپېرانتو...

ۋىكا چاينى پىيالىدە ئەمەس، رومكىدا ئىچەتتى. «يىگىرمىنچى ئەسىر ئادەملىرى ئايىغىغا ئۆتۈك، بېشىغا دوپپا كىيىپ يۈرمەيدۇ، بۇ ئۆتۈپ كەتكەن ياۋايىلىق! ئۇلار قىسقا يوپكا، گۈللۈك ناسكى، كاپرون پايپاقلار ھەققىدە ئويلىشى كېرەك. . .» ۋىكاغا نېمىشقىدۇر ئۆزبېك تىلىمۇ يارىمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆزبېكلىكىدىن قانداقتۇر نومۇس قىلاتتى. بىر كۈنى كىمدۇر ئۇنى ئەنگلىچانكا② دېگەندە يۈرىكى يېرىلىپ كەتكىدەك خۇشال بولغانىدى.

ئۇ بەزىدە خىيالغا كېتەتتى، بىر ئۇخلاپ كۆزىنى ئاچسا، فرانسىيىدە - ئەيفېل مۇنارىسى يېنىدا بولۇپ قالسا. شۇ ئەتراپتىكى رېستورانلاردا ئەتىدىن كەچكىچە لىكىلداپ «چە - چە - چە -»گە تانسىغا چۈشسە، قانداق ياخشى بولاتتى!

ھەپتىلەر، ئايلار شۇنداق خىياللار بىلەن ئۆتتۈۋەردى. ۋىكا ھامىلدار; ئۇ تۇساتتىن «كوكو - كولا»غا سېزىك بولۇپ قالدى. نارقوزى بۇ ئىچىملىكنى ئىزدىمىگەن يېرى قالمىدى. ئاخىرى تېپىپ كېلىپ، دەرھال خوتۇنىغا ئىچكۈزدى - يۇ، كۆڭلى تىندى. لېكىن ۋىكانىڭ ئۆزىگە قويۇپ بەرسە ھېچقاچان پەرزەنت كۆرۈشنى خالىمايتتى، ئۇنىڭچە بەش كۈنلۈك دۇنيادا ئويناپ - كۈلۈش كېرەكمىش. بولۇپمۇ «دىپلوملىق، مەدەنىيەتلىك ئادەملەر» بالا بېقىشقا قارىغاندا، باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشلىرى كېرەكمىش. ۋىكا ئادەملەرنى ئىككى گۇرۇھقا بۆلەتتى: ئوقۇغان ئادەملەر — ئۇلار لابوراتورىيىلەردە پەقەت ئىختىرا قىلىش بىلەن بەنت بولۇشى لازىم. ئوقۇمىغان كىشىلەر — ئۇلار ئوقۇغان كىشىلەرگە مالايلىق قىلىش بىلەن بەنت بولۇشى كېرەك. . . مانا ۋىكانىڭ پەلسەپىسى. بۇ ياسانچۇق، قوچاق جۇۋاننى بەزىدە شەھىرىمىزنىڭ ئاۋات كوچىلىرىدا كۆرۈپ قالىسىز. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ بوياق تەگمىگەن يېرى يوق. شۇ كۈنلەردە، نېمىشقا سۇنئىي ھەمراھ دەۋرىدە ياش جۇۋانلار قولىقىنى بويىمايدىكىن، قۇلاق مەسىلىسىمۇ ھەل بولۇپ قالسا، ئۇنىڭغا مۇناسىپ بىرەر ماي تېپىشسا، چوڭ غۇلغۇلا بولاتتى، دەپ ئۈمىد قىلىپ يۈردى.

① ئېنگلىزچە: خەير-خوش ② ئىنگلىز قىزى

ئەمدى نارقوزىنىڭ ۋىكا بىلەن تونۇشۇشى ھەققىدە ئىككى ئېغىز سۆز قىلايلى. بۇ تونۇشۇش كۆل بويىدىكى ساناتورىيىدە قۇملۇقىدا باشلانغان. كۆلدە چۆمۈلۈۋاتقان ۋىكانى كۆرۈپ، نارقوزىنىڭ پەيلى بۇزۇلغان، غەيرەت قىلىپ ئېغىز ئاچتى. ئۇ ۋىكانىڭ كېلەشىنى چېكىپ، دەپتەرنىڭ بىر ۋارىقىغا ئۆز ئادرېسىنى يېزىپ بەردى. نارقوزىنىڭ ئانىسىمۇ ھەدېمەي ئاسماندىكى ئاينى ئېلىپ، ئوغلۇمنىڭ قوينىغا سېلىپ قويدۇم، باپلىدىم، قىزىدىنى بەرمىگەن يارنى داغدا قويدۇم، دەپ يۈردى.

كۈنلەر شۇنداق ئۆتۈپ باراتتى: گاھ ھەيرانلىق، گاھ تەئەججۈپ. . . ئەمما شۇ مەھەللىلىك ئابدۇقادىر ئاكىنىڭ ۋاپاتى نارقوزى ئائىلىسىگە دەز چۈشۈردى. قازانى ئاڭلىغان نارقوزى دەرھال كىيىنىپ چىقىپ كېتىۋاتقانىدى، ۋىكا كېتىۋاتقان يېرىدە ئۇنى توختاتتى:

—خاللو، خاللو① توختا! بارمايسەن!

نېمىشقا بارمايدىكەن، ئاخىر، رولدا كېتىۋاتقاندىمۇ ماشىنىنى بىردەم يول چېتىدە توختىتىپ، خېلى يەرگىچە تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ بارىدىغۇ. ئابدۇقادىر ئاتا ۋاپات قىلىدىكەنۇ، تاۋۇتىنى كۆتۈرمەسمىش؟! تېخى نار قوزى ئاڭلىغان يەردە، پۈتۈن شەھەر قوزغىلىپ كېتىدۇ.

— نېمىشقا؟—دېدى نارقوزى تۇرغان جايىدا بىردەم توختاپ.

— سەن يېڭىچە ئادەم!

—ھە، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ بېرىشىم كېرەك!

— بۇ، كونىلىق! سەن قانداق قىلىپ قالاق ئادەملەر ئارىسىدا، مېيىت نامىزىنى ئوقۇيسەن؟! سېنىڭ مەسىلەڭنى مەجلىسكە قويسا قانداق بولىدۇ؟! قايت، ئورنىڭغا كېلىپ يات!

— بېرىش كېرەك! نېمە، سەن بىلەن مەن ئۆلمەيمىزمۇ؟

— ماڭا ئۆلۈم تىلەمسەن، ئۇياتسىزا—ئۇ ئۇنى سېلىپ يىغلىدى.

نارقوزى خاپا، مەيۈس ھالدا كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئېھ، خوتۇن دېگەننىڭ ئامېرىكا ئۆتۈكىدەك پارقىرىغىنىمۇ زادى بولمايدىكەن، دېدى ئۆزىگە ئۆزى. قايتىپ كىرگەندىن كېيىن ئۆيدە قىيامەت-قايىم بولغاندەك جاڭجال بولدى. ۋىكا قېيداپ ئانىسىنىڭكىگە كېتىپ قالدى. ئۈچ كۈندىن كېيىن يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ ئېلىپ كېلىشتى.

ئاي-كۈنى توشۇپ، ۋىكا ئوغۇل تۇغدى. تۇغۇتخانىدىن چىقتى - يۇ، بالىنى قېيىن ئانىسىغا تاپشۇردى. بوۋاق بوتۇلكىدا سۈت ئىچىپ چوڭ بولۇشقا باشلىدى. بەزىدە بوۋاق ھىدلاپ ئانا كۆكسىنى ئىزدەيتتى، لېكىن پېشانىسى بوتۇلكىغا تېگەتتى. «پىگورام بۇزۇلىدۇ» دەپ تىت-تىت بولغان ۋىكا بالىنى قولىغا ئالماستىن، بەزىدە يىراقتىن بىرەر جانىۋارغا تىكىلگەندەك كۆز تاشلاپلا قوياتتى. كىر يۇيىدىغان ماشىنا چىقارغانۇ، لېكىن بالا يۇيىدىغان ماشىنا چىقىرىشمىغان! ئاشۇ ئىنژېنېرلار پۇلنى بىكارغا ئېلىۋاتىدۇ. ئەگەر شۇنداق ماشىنا دۇكانلاردا پەيدا بولسا، ھەممىدىن ئاۋۋال ۋىكا ئېلىپ، قېيىن ئانىسىنى خۇشال قىلماقچىمۇ بولدى. ئۇنىڭچە، ئىنكۇباتورغا ئوخشىغان بىر نېمە ياساپ خوتۇنلار تۇغقان ھامان بوۋاقلارنى ئاشۇ ماشىنا ئىچىگە سېلىۋەتسە— بىر-ئىككى يىلدىن كېيىن ئۆزى ماڭىدىغان قىلىپ بەرسە. . . ۋىكانىڭ خىياللىرىنى بايقىغان موماي كىنايە بىلەن كۈلدى: «بەكمۇ ئالدىراپ كېتىۋاتىسىز، بالام» دېدى.

ھېچ يەردە ئىشلىمەيدىغان، توغرىسى ئىشلەشنى خالىمايدىغان ۋىكا يەنە ئەتىگەندىلا بېلىنى تارتىپ باغلاپ، چېچىنى پاخپايتىپ كوچىغا چىقىپ كەتتى، ئۇ نارقوزىغا قولى بىلەن ئىشارە قىلدى: «خاللو، گودباي!»

① ئىنگلىزچە: ھەي

— يول بولسۇن.

— جاز ئورکېستىرى کەلگەن، تۈنۈگۈن ئۈچ مەرتىكە تۇرغانىمدىم، بۈگۈن بىلەتنى ئېلىۋېلىشىم كېرەك، بىللە بارىمىز.

— ئاپىرىن!— دېدى نارقوزى بېشىنى چايقاپ.

ۋىكا ئۆز قولىنى لېۋىگە بېسىپ سۆيدى. كېيىن ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى:

ئەسپېرانتو، ئەس-پې-ران-تو...

— هى، سادىغالىك كېتەي، ئادەمگە ئوخشاپ بىر ئېغىز ئۆز تىلىمىزدا سۆزلىسەڭچۇ، ئىچىم پۇشۇپ كەتتىغۇ، ئاخىر! دانا، هازىر كەتسەم، كەچ كېلىمەن، پۈتۈن كۈن بويى ماشىنىدا بېتون توشۇيمەن، بۇ ئاسان ئىش ئەمەس. بىر ئېغىز ئادەمگە ئوخشاش سۆزلە، سادىغالىك كېتەي، خوتۇن!

«ئەسپېرانتو، هەي، ئەس-پې-ران-تو...»— ۋىكا تولغىنىپ نويناپ چىقىپ كەتتى...

كەچتە هېرىپ كەلگەن نارقوزى بۈگۈنمۇ ئۆيدە خوتۇنى يوقلۇقىنى كۆرۈپ غەزەپلەندى. بۇنىڭ ئۈستىگە بوۋاق غىڭشىپ يىغلايتتى. موماي بالا بىلەن بەنت بولۇپ تاماقمۇ ئەتمەپتۇ. كەچ سائەت ئونلاردا ۋىكا جاز ئورکېستىركونسېرتىدىن يېنىپ كەلدى.

— تاماق قىلىپ قويساڭلار بولمامتى؟— دېدى ۋىكا قاچا-قۇچىلارنى تاراق-تۇرۇق قىلىپ،— ئۆيدىكەنسەن، بىر نەرسە پىشۇرغىن ئەمەسدى!

نارقوزى ئورنىدىن تۇرۇپ، خوتۇنىغا يۈزلەندى. ئۇ ئەسەبىنى باسالماي بىر كاچات ئۇرغىنىنى بىلمەي قالدى. ۋىكامۇ نارقوزىنىڭ يۈزىگە ئىككى كاچات سالدى:

— لۈكچەك! مەدەنىيەتسىز! تۇفى!— دېدى ئۇ جاۋۇلداپ يىغلىغىنىچە ئىچكىرىكى ئۆيگە كىرىپ كېتىپ،— مەن هازىر دوختۇرغا بېرىپ، ئىسپات ئالىمەن! سەن فېئودال — لۈكچەكنى سوتقا بېرىمەن! پارتكومغا ئەرز يازىمەن، سەندەك ئىپلاسلارنى خىزمەتتىن هەيدىتىۋېتىمەن!!!

ئۇ چامادانغا كىيىملىرىنى سېلىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنىدا موماي يولىنى توستى:

— جېنىم بالام، بولدى قىلىڭ، بىر قېتىم كەچۈرۈڭ، ئوتتۇرىڭلاردا بالا بار، بىر قېتىم شەيتانغا هاي بېرىڭلار...

لېكىن ۋىكا مومايني سىلكىپ تاشلاپ: «مەدەنىيەتسىزلەر» دېگىنىچە بالىسىنىمۇ قارىماي، هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

بىر ئاي جەريانىدا ۋىكانىڭ چاپىنىغان يېرى قالمىدى، هەممە كىشى ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ناهەق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. هەممە يەردە هەقىقەت غالىب كەلدى. ئاخىرى ئۇ: «ئائىلىمىزنى بۇزماقچى بولغان ئانا-شۇم موماي» دەپ، قېيىن ئانىسىغا يېپىشتى. دىلى ۋەيران بولغان موماي ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، بالا بېقىۋۇرەدى-يۇ، هېچكىمگە شىكايەت قىلمىدى، لېكىن ئويلا-ئويلا بىر كۈنى ۋىكانىڭ ئۆزىگە شۇنداق دېدى:

— قىزىم ئىنگلىزچىنى ئۆگىنىپسىزۇ، لېكىن ئادەمگەرچىلىكنى ئۆگەنمەپسىز. هەر هالدا سىزنى ياخشى پەرزەنت دەپ كېلىن قىلغانىدۇق. ئۆز ئۆيۈم، ئۆز تىلىمنى دۇنيادىكى هېچبىر ئۆيگە، هېچبىر تىلغا ئالماشتۇرمايمەن، ئۆزەمنىڭكى ياخشى! لېكىن سىزگە ئېچىنىمەن. مەن بىرىنچى بولۇپ پەرەنجىنى تاشلاپ فابرىكىدا ئىشلىگەنلەردىنمەن. نارقوزىنىڭ ئاتىسى كونا پارتىيە. شوراهۆكۈمىتىنى قۇرغانلاردىن. هەي، بىزلەر قېرىپ قالدۇق... ئەمما شۇنداق چوڭ مەملىكەتنى سىزگە ئوخشاشلارغا تاپشۇرۇپ كېتەلمەيمىز. بۇ كۈنلەرگە ئاسانلىقچە يەتمىگەنمىز، قانچە ئادەملەر قوربان بولغان. سىزنىڭ ئايىغىڭىز مېنىڭ هويلامدىيۇ، خىيالىڭىز «گودباي»دا...

---

يازغۇچىنىڭ «هېكايە ۋە قىسسەلەر» توپلىمىدىن:

**ئابدۇۋەلى خەلپەتوپ** تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: **قۇربان ماۋۇت**




ئاتاقلىق فىزىكا ئالىمى ئېينىشتېيىن (1879 — 1955) ئىلىم - پەننىڭ ئەگرى - توقاي يوللىرىدا، باتۇرلۇق بىلەن پەللىگە چىقىشنىڭ مەڭگۈلۈك ئۈلگىسىنى قالدۇردى. ئۇ مۇزىكا ھەۋەسكارى بولۇپ، كىچىك ئىسكىرىپكا ۋە رويالنى ناھايىتى يۇقىرى ماھارەت بىلەن چالاتتى. ئىلىم - پەن بىلەن مۇزىكىنى ئۆزئارا زىچ بىرلەشتۈرگەن بۇ ئالىم ئۇلارنى ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغانىدى.

ئېينىشتېيىن كىچىك چېغىدا، دەرستە ياخشى بولمىغاچقا، قوشنىلىرى ئۇنى قاشاڭ دېيىشەتتى. شۇ مەزگىلدە، ئانىسى ئالاھىدە تەربىيىلەش مەقسىتىدە ئۇنىڭغا مۇزىكا، كىچىك ئىسكىرىپكا ۋە رويال چېلىشنى ئۆگەتمەكچى بولدى. دەرۋەقە، ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا تىرىشىپ ئۆگىنىپ، جاپاغا چىداپ مەشق قىلىپ، تېز ئالغا باستى، 14 يېشىدىلا سەھنىگە چىقىپ مۇزىكا ئورۇنداپ، تاماشىبىنلارنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. شۇنداق قىلىپ، مۇزىكا ئۇنىڭ ئىلھامىنى قوزغاپ، ئۇنىڭدا بىلىم ئېلىش ئىستىكى پەيدا بولدى ھەمدە ئۇنىڭغا ئىلىم - پەننىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى.

**1912**- يىلى ئاۋغۇستنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، ئۇ ئۆيىدە رويال قويۇلغان تەرەپكە ماڭغاچ ئايالىغا:— مېنىڭ ئاجايىپ بىر ئويۇم بار،— دېدى. ئاندىن ئولتۇرۇپ پۈتۈن زېھنى بىلەن رويال چېلىشقا باشلايدۇ، ئۇ يېرىم سائەت ئۆپچۆرىسىدە رويال چالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن روھلانغانلىقىنى ھېس قىلىپ، دەرھال رويال ئۈستىلىدىن ئايرىلىپ، ئۈستۈنكى قەۋەتتىكى كىتابخانىسىغا چىقىپ كېتىدۇ، بىر ھەپتىدىن كۆپرەك پەسكە چۈشۈپ باقمايدۇ. ئۇ پەسكە چۈشكىنىدە، بىر توپ ماقالە قەغىزىنى ئايالىنىڭ ئالدىغا قويىدۇ، ئايالى ماقالە قەغەزلىرىنىڭ ھەممىسى ئاجايىپ - غارايىپ رەقەم ۋە ئارىفمېتىكىلىق ئىپادىلەر بىلەن تولغانلىقىنى كۆرىدۇ. مانا بۇ، كېيىن دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان «نىسبىيلىك نەزەرىيىسى» ئىدى.




بەزىلەر ئېينىشتېيىندىن ئىلىم - پەندە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ سىرىنى سورىغاندا، ئۇ مۇنداق بىر فورمۇلا بىلەن جاۋاب بېرىدۇ:

$A$ (مۇۋەپپەقىيەت) $= x$ (خىزمەت) $+ y$ (كۆڭۈل ئېچىش) $+ Z$ (قۇرۇق گەپ قىلماسلىق)

زۇنۇن باقى تەرجىمىسى

تەرجىمە مۇھەررىرى: رىسالەت مۇھەممەت



يىپەك يولىدىكى يېڭى ئىز

ئابدۇللا ئابدۇرەھىم فوتوسى

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» 新疆文化（维吾尔文）
(قوش ئايلىق ئۇنىۋېرسال ئەدەبىي ژۇرنال) 36 - يىل نەشرى 1987 - يىل 6 - سان

«شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى تەھرىر بۆلۈمى تۈزدى
شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاممىۋى سەنئەت يۇرتى نەشر قىلدى
«شىنجاڭ گېزىتى» باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقاتتى
مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
ۋاكالەت نومۇرى: 22 — 58 تىزىملانغان نومۇرى: 414

تاق ئايلارنىڭ 20 - كۈنى نەشردىن چىقىدۇ. تېلېفون نومۇرى: 28055. باھاسى 30 پۇڭ

